تارىختىن سۆز



بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى
دۆلەت پەن - تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك دۆلەت لوغەت مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر -
بالىلار كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

中国儿童百科全书

مىللەتلەر نەشرىياتى

جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

تارىختىن سۆز

مەملىكەتلىك ئازسانلىق مىللەتلەر مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى
نەشر قىلىش مەبلەغ ياردىمىگە ئېرىشكەن تۈر

# جۇڭگو باللار قامۇسى

بۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسى
دۆلەت پەن - تېخنىكا ۋە تەرەققىيات مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك دۆلەت كىتاب مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك دۆلەت لۇغەت مۇكاپاتىغا
5 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر پەننى
ئومۇملاشتۇرۇش ئەسەرلىرى مۇكاپاتىغا
6 - نۆۋەتلىك مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر ئۆسمۈر -
باللار كىتابلىرى مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن

مىللەتلەر نەشرىياتى
جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

**图书在版编目(CIP)数据**

中国儿童百科全书.话说历史：维吾尔文/《中国儿童百科全书》
编委会编；司马义·忙力克，艾合买提·伊明哈吉译．－北京：
民族出版社，2007.5（2010.3重印）
ISBN 978－7－105－08101－1

Ⅰ.中… Ⅱ.①中…②司…③艾… Ⅲ.①科学知识－儿童读物－
维吾尔语(中国少数民族语言）②世界史－儿童读物－
维吾尔语(中国少数民族语言）Ⅳ.Z228.1 K109
中国版本图书馆CIP数据核字(2007)第061557号

本书根据中国大百科全书出版社2005年1月
第1版2007年1月第7次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاب جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 2005 ـ يىلى 1 ـ ئايدا نەشر قىلغان
1 ـ نەشرى 2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 7 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى

翻　　译：司马义·忙力克，艾合买提·伊明哈吉
特约编辑：卡德尔·阿尔斯朗
责任编辑：艾合买提·帕萨尔
责任校对：美力克·阿不力孜

تەرجىمە قىلغۇچى: ئىسمايىل مەڭلىك، ئەخمەت ئىمىن ھاجى
تەكلىپلىك تەھرىر: قادىر ئارسلان
مەسئۇل مۇھەررىر: ئەخمەت پاسار
مەسئۇل كوررېكتور: مەلىكە ئابلىز

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

## تارىختىن سۆز



民族出版社出版发行
http://www.mzcbs.com
(北京市和平里北街14号 电话：010－64290862
邮编：100013)
民族印刷厂印制
各地新华书店经销
开本：889×1194毫米 1/16 印张：5.5
2007年5月第1版 2010年3月北京第3次印刷
印数：5001—6000册
ISBN 978-7-105-08101-1/Z·1288(维56)
定价：15.00元

نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى: بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي
كوچا 14 ـ قورۇ پوچتا نومۇرى: 100013
تېلېفون: 64290862 ـ 010
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
نەشرى: 2007 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
2010 ـ يىل 3 ـ ئايدا بېيجىڭدا 3 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى: 889 × 1194م م. 16 كەسلەم باسما تاۋىقى: 5.5
سانى: 6001 ـ 8000
ISBN 978-7-105-08101-1/Z·1288(维56)
باھاسى: 15.00 يۈەن

# كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

بۇ قامۇس بىپايان بىلىم دېڭىزى،
تەكتىدە بار پۈتمەس مول خەزىنىسى.
بىر دەستە جىلۋىدار بۇژغۇن ئىچىگە
چۆككۈنگەن ئالەمنىڭ تالاي مەنىسى.

ئى بوغۇن، شىر يۈرەك غەۋۋاس بولۇپ سەن،
شۇڭغۇساڭ، بەھرىدىن گۆھەر سۈزەرسەن.
بولىدۇ سىنىڭكى ئۈچ ئەڭگۈشتەرمۇ،
چۈشەنسەڭ، بىر ئۆمۈر غالىب ئۆتەرسەن.

بىرىدۇر: ئىلىمگە قايناق مۇھەببەت،
بىرىدۇر: ئىجتىھات يولىنى بىلمەك،
بىرىدۇر: ئىلىمگە بەخشەندە ئۆتمەك.
ئۇلارنى قەلبىڭگە قىلساڭ دوست - ھەمراھ،
بۇ ئەسىر يۈكسەكتە پەرۋاز ئېتەرسەن!



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو بالىلار قامۇسى

## تارىختىن سۆز    مۇندەرىجە



كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە 3
مۇندەرىجە 4

### ئىنسانلارنىڭ بارلىققا كېلىشى

**ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى 6**
ئورگانىك بىرىكمە ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشى

ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى
قوش ماكانلىق ھايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى
**ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى 8**
سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى
ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى


**ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى 10**
جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى
قابىل ئادەملەر    تاش قوراللار دەۋرى
**ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئالغا باسماقتا 12**
ياۋا ئادىمى    بېيجىڭ ئادىمى    ئىدراكلىق ئادەملەر
**ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تاڭ نۇرى 14**
شۇجياياۋ ئادىمى    دىڭسۇن ئادىمى

تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمى

### جۇڭگو تارىخى

**يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت 16**
يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى
يازما تارىختىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى
ئىپتىدائىي گۈزەللىك
**جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرى 18**


يەندى ـ خۇاڭدى ئىتتىپاقى
رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى پادىشاھلار
خۇاڭدىنىڭ كەشپىياتلىرى
**شيا، شاڭ دەۋرى تۇچ داڭقان قويۇلغان مەزگىل 20**
خۇاشيا مىللىتىنىڭ تۇنجى سۇلالىسى ــ شيا سۇلالىسى
يىن خارابىسى مەدەنىيىتى
چىغىناق ـ تارغاق يېزىقى

**ئەدەپ ـ يوسۇن دۆلىتى ــ جۇ سۇلالىسى 22**
جۇگۇڭنىڭ نايىبلىقى    توققۇز داڭقان تۈزۈمى
ئەدەپ ـ يوسۇن، نەغمە ـ ناۋا تۈزۈمى


**كۇڭزىنىڭ ئەمىنىينى تۈزۈشى 24**
كۇڭزى    كۇڭزىنىڭ بەگلىكلەرنى كېزىشى
قايتىپ كېلىپ نەزمنامە، نەسرنامىلەرنى تۈزۈش

**يېغىلىق دەۋرىدە چىققان داڭدار شەخسلەر 26**
يېغىلىق دەۋرىدىكى ھەربىي كۈچلەر
ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش
شاڭ ياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى
**ئۇلۇغ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان چىن سۇلالىسى 28**
چىن شىخۇاڭ    10مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلىنى ياساش
چىن شىخۇاڭ قەبرىسى ۋە ئەسكەر، ئات ھەيكەللەر
**خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى 30**
خەن گاۋزۇ ليۇ باڭ    خەن ۋۇدى
شەرقىي خەن سۇلالىسى
**ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر 32**
دۆلەتنىڭ ئۇچكە بۆلۈنۈشى    چىبى ئۇرۇشى
بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى    جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالىلەر

**بۈيۈك تاڭ دەۋرىدىكى گۈللىنىش 34**
جېنگۇەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق
تاڭ دەۋرىدىكى پايتەخت ــ چاڭئەن
مەلىكە ۋېنچىڭ ۋە قۇدىلىشىش
**سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىيات 36**
سۇڭ تەيزۇ    دەۋر ئەركىسى چىڭگىزخان
سىما گۇاڭ ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»

**تۆت چوڭ كەشپىيات 38**
جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ    پوروخ تاۋلاش
قەغەزنىڭ بارلىققا كېلىشى    مىخ مەتبەئە
**زور كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرى 42**
مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ
پوروخلۇق ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى
مىڭ دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى
**چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىششى 44**

چىڭ تەيزۇ نۇرخاچ
كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى گۈللىنىش
ئەپيۇن ئۇرۇشى
**يېقىنقى زاماندىكى ۋەزىيەت 46**
چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش    جياۋۇ ئۇرۇشى

ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن
«4 ـ ماي» ھەرىكىتى
**تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر 48**
جۇڭگودا سودا پورتلىرىنى ئېچىش
جۇڭگونىڭ زېمىنىنى كېسىۋېلىش

**جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 50**
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى
نەنچاڭ قوزغىلىڭى
زۇنيى يىغىنى    ئۇزۇن سەپەر
جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






ن باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش 52
- ئىيۇل ۋەقەسى»
نجىڭدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق
ون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى
ى جۇڭگو بېسىپ ئۆتكەن يول 54
لەت قۇرۇش مۇراسىمى
ەدەنىيەت زور ئىنقىلابى
ڭ لايىھىلىگۈچى دېڭ شياۋپىڭ
سلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش




## با تارىخى


مكى مىسىر 56
تەنلىك ئادەم (سفىنكس) ھەيكىلى
يا پىرئەۋن ۋە ئېھرام
ون 58
ككى دەريا (مېسوپوتامىيە) مەدەنىيىتى
اموراپى قانۇنى
مكى ھىندىستان 59
ەدىمكى ھىندىستان مەدەنىيىتى
ددا دىنىنىڭ شەكىللىنىشى
مى مايا 60
يا مەدەنىيىتى قەيەردە مايا جەمئىيىتى
يالارنىڭ ئېھرام شەكىللىك بۇتخانىسى
مكى يۇنان 62
ەھەر دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش
گىئان مەدەنىيىتى ئافىنا بىلىم يۇرتى
ەدەنىيەت پېشۋالىرىنىڭ بۆشۈكى
مكى رىم 64
نا بۆرىنىڭ بوۋاقنى ئېمىتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت
مىنىڭ تۇنجى پادىشاھى رىمنىڭ سىناتى
ەدىمكى رىمنىڭ پارلاق بىناكارلىقى
ق ئوتتۇرا ئەسىر 66
ورۇق ئىگىلىكى ئۇرۇش ۋە قارا كېزەك
وتتۇرا ئەسىردىكى مائارىپ
دىن سىياسىيسى ۋە ئۇرۇش 68
موناستىر تۇركلەر
دىنىنىڭ زور تەرەققىياتى











ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى 70
كۆپ تەرەپلىمە تالانتلىق داۋىنچى
ئۇلۇغ دراماتورگ شېكىسپېر
«بىدئەتچى» ئالىم گالىلېي
مۇستەملىكە سودىسى دەۋرى 72
ئۈچ بۇرجەكلىك سودا
يېڭى دۇنيا يارىتىش خار قۇللار
فرانسىيەدىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى 74
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋولتېر
دىدېروت ۋە «ئېنسىكلوپېدىيە»
فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى 75
فرانسىيە زور ئىنقىلابى «مارسېل مارشى»
ناپولېئون I
ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابى 76
پار ئېنېرگىيىسى ئىنقىلابى
ئۇلۇغ لايىھىلىگۈچى برونېر
«ئۇلۇغ برىتانىيە» ناملىق كېمە
ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە گۈللىنىشى 78
ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتون
ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى
جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى
1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى 80
كېنەز فېرناندونىڭ قەستكە ئۇچرىشى
ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە باسقۇچى
ھاۋا بوشلۇقىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش
روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى 82
ئۆكتەبىر ئىنقىلابى
تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت
لېنىن
2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى 84
سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش
ناتسىستلار جازا لاگېرى
نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش يالتا يىغىنى
ھازىرقى زامان جەمئىيىتى 86
زامانىۋىلاشقان مەركىزىي شەھەرلەر ئالدىراش خىزمەت
تور دەۋرىگە قەدەم قويۇش مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش











# ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى

بىز ياشاۋاتقان يەر شارى تەخمىنەن 4 مىليارد 600 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. ئۇ شەكىللەن گەندىن تارتىپ، ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت قىلىپ، ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە. ئالدى بىلەن يەر پوستى شەكىللەنگەن، يەر پوستىنىڭ ئۈستىدە يەنە ئىپتىدائىي دېڭىز ـ ئوكيان ۋە ئىپتىدائىي ئاتموسفېرا پەيدا بولغان، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. مىليون يىللىق ئۆزگىرىشلەر ئارقىلىق، بۇنىڭدىن 3 مىليارد 800 مىليون يىللار دىن 3 مىليارد 500 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ئىپتىدائىي ھاياتلىق بارلىققا كەلگەن.

## ئورگانىك بىرىكمە ماددىلارنىڭ پەيدا بولۇشى

ئالەم نۇرلىرى، قۇياش نۇرىدىكى ئۇلترا بىنەپشە نۇر، چاقماق، يۇقىرى تېمپېراتۇرا قاتارلىق خىلمۇخىل ئامىللار يەر شارىنىڭ ئىپ تىدائىي ئاتموسفېرا قاتلىمى ۋە ئىپتىدائىي دېڭىز ـ ئوكيان ماددىلىرىدا كەسكىن ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، ئامىنو كىسلا تا، نۇكلېئوتىدتەك ئورگانىك بىرىكمە ماددىلار پەيدا بولغان.

## ئىپتىدائىي يادرولۇق جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليارد 800 مىليون يىللاردىن 3 مىليارد 500 مى يون يىللار ئىلگىرى، يەر شارىدا باكتېرىيە ۋە كۆك يۇسۇن قاتارلىق ئىپتىدائى يادرولۇق جانلىقلار پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئۇلاردا ھۈجەيرە يادروسى بولمىغا كۆك يۇسۇن فوتوسىنتېزلاپ ئوكسىگېن چىقىرالايدىغان بولغاچقا، ئاتموسفېر تەدرىجىي ئوكسىگېن بارلىققا كەلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئوكسىگېن خۇمار ھاي لىق پەيدا بولۇپ، ئوكسىگېندىن نەپەسلىنىدىغان ھالەتكە يەتكەن. بۇ ھاياتلىقنى ئۆزگىرىش جەريانىدىكى بىر چوڭ سەكرەش ھېسابلىنىدۇ.

## ھەقىقىي يادرولۇق جانلىقلارنىڭ پەيدا بولۇشى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليارد 900 مىليون يىللاردىن 1 مىليارد 200 مىليو يىللار ئىلگىرى، يەر شارىدا ھۈجەيرە يادروسى، خلوروفىل تەنچىسى ۋە خوندرىئوزوما سى بار ھەقىقىي يادرولۇق جانلىقلار پەيدا بولغان. ئۇلار فوتوسىنتېز قىلىپلا قالماس تىن، بەلكى نەپەس ئالالايدىغان بولغان.




## ئىپتىدائىي ھايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى

تەخمىنەن 1 مىليارد يىللار ئىلگىرىكى يەر شارىدا ئەڭ ئىپتىدائىي بىر ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار پەيدا بولغان. بۇ بىر تۈپ بىرلا ھۈجەيرىدىن تەركىب تاپقان ئىنتايىن تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار بولۇپ، تۇرگە ئايرىش ئىلمىدە «ئىپتىدائىي ھايۋانلار» دەپ ئاتالغان.




كېمبرىي دەۋرىدىكى چوڭ پارتلاش يەر شارىدا رەڭگارەڭ تۈسكە ئىگە جانلىقلار دۇنياسىنى پەيدا قىلغان. بۇ چوڭ پارتلاش ھەققىدە ئالىملار نۇرغۇن تەتقىقات ئېلىپ بارغان بول-سىمۇ، يېشىلمىگەن سىرلار يەنىلا مەۋجۇت.

## كېمبرىي دەۋرىدىكى چوڭ پارتلاش

كېمبرىي دەۋرى تەخمىنەن بۇنىڭدىن 570 مىليون يىللاردىن 510 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ۋاقىتقا، يەنى دىنوزاۋرلار راۋاج تاپقان يۇرا دەۋرىدىن 300 نەچچە مىليون يىل ئىلگىرىكى ۋاقىتلارغا توغرا كېلىدۇ. نۆۋەتتە تېپىلغان تاشقاتما ماتېرىياللىرىغا ئاساسلانغاندا، كېمبرىي دەۋرىدىن ئىلگىرى، يەر شارىدا زور كۆلەملىك ئۆزگىرىش ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ھەر خىل تۇردىكى كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار دېڭىز ـ ئوكيانلاردا بىردىنلا پەيدا بولغان ھەمدە كۆپ خىل شەكىللىك، تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ تۈرلەرگە تەرەققىي قىلغان. ئالىملار بۇ ۋەقەنى «كېمبرىي دەۋرىدىكى چوڭ پارتلاش» دەپ ئاتىغان.

www.uyghurkitap.com



## قوش ماكانلىق هايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى

قوش ماكانلىق هايۋانلار بېلىق تۈرلە-
رىدىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ بارلىققا
كەلگەن. قۇرۇقلۇقتىكى تۇرمۇشقا ماسلى-
شىش ئۈچۈن، بىر خىل بېلىق (توم ئۈز-
گۈچلۈك)نىڭ ئۈزگۈچ قاناتلىرى پۇتقا ئۆز-
گىرىپ، ئۆپكە ساقاقنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ،
ئاساسلىق نەپەسلىنىش ئەزاسىغا ئايلانغان.
شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ئاستا ـ ئاستا قۇرۇق-
لۇققا ئۆمىلەپ چىققان، لېكىن سۇدىن تاما-
مەن ئايرىلىپ كېتەلمىگەن، سۇغا تۇخۇم
تۇغقان، بالىلىقىنى سۇدا ئۆتكۈزگەن، قۇ-
رۇقلۇققا چىققاندىمۇ، سۇ دائىرىسىدىن
يىراقلاپ كېتەلمىگەن. پاقا دەل تىپىك قوش
ماكانلىق هايۋان هېسابلىنىدۇ.

## ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار

قوش ماكانلىق هايۋانلارغا سېلىشتۇرغاندا، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ باش سۆڭىكى،
قول ـ پۇت سۆڭەكلىرىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى قۇرۇق-
لۇقتا ياشاشقا تېخىمۇ ماسلاشقان، شۇنداقلا كېيىنكى
ئەۋلادلىرىنىڭ تۇخۇمىمۇ ئادەتتىكى تۇخۇم بولماستىن،
بەلكى باش سۈيى پەردىلىك تۇخۇم بولغان. شۇنىڭ بى-
لەن، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا
سۇغا بولغان بېقىندىلىقتىن ئۈزۈل ـ كېسىل قۇتۇلۇپ،
قۇرۇقلۇقنىڭ ھەقىقىي تۇنجى خوجايىنىغا ئايلانغان









قۇرۇقلۇقتا
ياشاشقا ماسلى-
شىش ئۈچۈن،
ئۆپكە تەدرىجىي
ئۆزگىرىپ چو-
ڭايغان.

قوش ماكاند-
لىق هايۋانلاردا
ئىپتىدائىي
يۇمران ئۆپكە
پەيدا بولغان بو-
لۇپ، قۇرۇقلۇققا چىققاندىن كېيىن،
ساقىقى ئىقتىدارىنى يوقىتىپ، ئىپ-
تىدائىي ئۆپكە تەرەققىي قىلىشقا
باشلىغان.

300 مىليون يىللار ئىل-
گىرىكى تاش كۆمۈر دەۋرىدە،
قوش ماكانلىق هايۋانلار بۆلۈ-
نۈپ چىققان. ئۇلار سۇغا بې-
قىندىلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇ-
لۇپ، قۇرۇقلۇقتا تۇخۇم تۇغۇپ
ئەۋلاد كۆپەيتىش ئارقىلىق،
ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارغا ئۆز-
گىرىش جەريانىنى تاماملىغان.




كەسلەنچۈك قوش ماكانلىقلار تۈ-
رىدىن ئۆمىلىگۈچىلەر تۈرىگە قاراپ
تەرەققىي قىلغان ئۆتكۈنچى تىپ.




تەخمىنەن 360 مىليون
يىللار ئىلگىرى، ئەڭ دەس-
لەپكى قوش ماكانلىق
هايۋانلارنىڭ
ۋەكىلى — بې-
لىقسىمان سە-
مەندەر پەيدا بول-
غان.

بېلىقسىمان سەمەندەرنىڭ كۆكرەك ۋە قورساق قىسىم-
لىرىدا قانات يوق بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى بەش بارماقلىق
تۆت پۇت ئىگىلىگەن، لېكىن باش قىسمىنىڭ ساقاق سۆ-
ڭەكلىرىدىكى ئوششاق قاسىراقلار بىلەن تۆۋەن قىسمىد-
كى قاناتسىمان قۇيرۇقى يەنىلا ساقلىنىپ قالغان.

## توم ئۈزگۈچلۈكلەر

توم ئۈزگۈچلۈكلەر بۇنىڭدىن
تەخمىنەن 400 مىليون يىللار ئىلگد-
رى ياشىغان. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي
ئۆپكىسى ۋە ئەتلىك قاناتسىمان ئاچا
پۇتلىرى شەكىللەنگەن، سۆڭەك بو-
غۇملىرى ئايرىلغان بولغاچقا، بەدەننى
كۆتۈرۈپ تۇرۇش ۋە ھەرىكەتلەندۈرۈش
چۇن شارائىت هازىرلاپ بەرگەن. كېيىن، قۇرۇقلۇقتا ياشاش جەريانىدا،
زلىرىنىڭ بەدەن تۈزۈلۈشىنى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرتكەن. ئۆ-
لەپ مېڭىش جەريانىدا، قاناتسىمان ئاچا پۇتلىرى پۇتقا ئاي-
نىشقا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، بارماق ئۆسۈپ چىققان. نە-
سلىنىش جەريانىدا، ساقاق تەدرىجىي يوقىلىپ، ئۆپكىنىڭ
نكسىيىسى تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان. شۇنىڭ بىلەن،
م ئۈزگۈچلۈكلەر قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ئەڭ ماسلاشقان ئو-
رتقىلىق هايۋان ـــ بېلىقسىمان سەمەندەرگە ئايلانغان.



قوش ماكانلىق
هايۋانلار سۇغا تۇخۇم
تۇغماقتا.




توم ئۈزگۈچلۈكلەر 380 مىليون يىللار ئىل-
گىرى قۇرۇقلۇققا چىققان. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي
قانات سۆڭەكلىرى تەدرىجىي ئۆزگىرىپ، قۇرۇق-
لۇقتا ياشايدىغان هايۋانلارنىڭ پۇتىغا ئايلانغان.




ئۇزۇن يىللار داۋامىدا، بېلىق
قانىتى تەدرىجىي تەرەققىي قى-
لىپ، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ
پەنجىسىگە ئايلانغان.







ئومۇرتقىسىز هايۋانلاردىن تەدرىجىي تەرەق-
قىي قىلىپ ئومۇرتقىلىق هايۋانلارغا ئايلىنىش

## بېلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى

تەخمىنەن 400 مىليون يىللاردىن 360 مىليون يىللار ئىلگىرىكى دېۋون دەۋرى بې-
لىقلارنىڭ ئەڭ يېتىلگەن دەۋرى بولۇپ، بەدىنىدە كۆكرەك ۋە قورساق قاناتلىرى ھەممە ھەقد-
قىي ئومۇرتقىسى پەيدا بولغان. ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى هايۋانلارنىڭ تەدرىجىي
تەرەققىي قىلىش تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ماھىيەتلىك زور ئۆزگىرىش هېسابلىنىدۇ.



# ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى

ئىنسانلار تەخمىنەن 4 مىليون يىللىق تارىخقا ئىگە. يەر شارىنىڭ تارىخى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئىنسانلار تارىخى پەقەت كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلىكلا بىر ئىش. يەر شارى خۇددى غايەت زور بىر كىتابقا ئوخشايدۇ، يەر قاتلىمى مۇشۇ كىتابنىڭ بەتلىرىدۇر. بۇ كىتابنى ۋاراقلايدىغان بولساق، هاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىش ۋە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش ئىزلىرىنى بايقايمىز. ئىنسانلارنىڭ هاياتلىقمۇ مۇشۇ ئىزلارنى بېسىپ بارلىققا كەلگەن.

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 280 مىليون يىللاردىن 225 مىليون يىللار ئىلگىرى ياشىغان بولۇپ، ئۇلار «سۈت ئەمگۈچىلەر تۈرىدىكى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار»غا مەنسۇپ، دۈمبىسىدىكى يەلكىنى بولسا، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ئىقتىدارىغا ئىگە.




قوش ماكانلىق هايۋانلارنىڭ ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارغا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىشى

قوش ماكانلىق هايۋانلاردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارغا ئايلىنىش زور سەكرەش هېسابلانسىمۇ، لېكىن ئۆمىلىگۈچى هايۋانلاردا كۆپلىگەن يېتەرسىزلىكلەر بولغان. مەسىلەن، بەدىنىدە تۇراقلىق تېمپېراتۇرا ساقلايدىغان ئۇنۇملۇك قۇرۇلما يوق بولۇپ، مۇهىت تېمپېراتۇرىسىدا چوڭ ئۆزگىرىش بولسىلا، ئۇلار هەرىكەتتىن توختاپ ئۇخلاش هالىتىگە ئۆتكەن، شۇڭا يەنىلا ناهايىتى زور چەكلىمىگە ئۇچرىغان

ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار ئارىسىدىن سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ بۆلۈنۈپ چىققىشى

بۇنىڭدىن 250 مىليون يىللاردىن 65 مىليون يىللار ئىلگىرىكى مەزگىللەردە، ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار قۇرۇقلۇقتا تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل مېزوزوي ئېراسىنى ئىگىلەپ، خىلمۇخىل دىنوزاۋرلار پەيدا بولغان. شۇڭا، بۇ دەۋر «دىنوزاۋرلار دۇنياسى» دەپ ئاتالغان.

## سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 200 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ترىئاس ئېراسىدا، قەدىمكى ئۆمىلىگۈچى هايۋانلار ئارىسىدىن ئىپتىدائىي سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار بۆلۈنۈپ چىققان. يەنە ئۇزاققا سوزۇلغان تەدرىجىي تەرەققىيات داۋامىدا، ئۇلارنىڭ بەدىنىگە تېرە ۋە تۈك ئۆسۈپ چىققان. تېرە ئاستىدىكى ماي بېزىكلىرى بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاپ، تەر بەزلىرى ئىسسىقلىقنى تارقاتقان. هاياتلىقنىڭ كۆپىيىشمۇ تۇخۇمدىن تۇغۇلۇشتىن هامىلىلىك تۇغۇلۇشقا ئۆزگەرگەن هەمدە باللىرىنى سۈتى بىلەن باقىدىغان بولغان. يەنە مۇرەككەپرەك چوڭ مېڭە بارلىققا كەلگەن. بۇنىڭدىن 65 مىليون يىللار ئىلگىرىكى كاينوزوي ئېراسىغا كەلگەندە، سۈت ئەمگۈچى هايۋانلار تېز تەرەققىي قىلىپ، يەر شارىنىڭ هۆكۈمرانىغا ئايلانغان







مورگان دىنوزاۋر ئەڭ ئىپتىدائىي سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ بىرى بولۇپ، تەخمىنەن 200 مىليون يىللار ئىلگىرى ياشىغان. ئۇنىڭ ئۈستۈنكى ۋە ئاستىنقى ئېڭىكى ئوتتۇرىسىدا ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ بوغۇم سۆڭىكى ۋە سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ چىش ئوقۇرى سۆڭىكى بار بولۇپ، بۇ ئۆمىلىگۈچى هايۋانلارنىڭ سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارغا ئۆزگىرىش جەريانىدىكى بىر ئالاھىدىلىك.

ئىپتىدائىي سۈت ئەمگۈچى دىنوزاۋر — ئۈچلۈق چىشلىق دىنوزاۋر تەخمىنەن 225 مىليون يىللاردىن 180 مىليون يىللار ئىلگىرى ياشىغان. بەدىنىدە هېچقانداق قاسىراق قالمىغان بولۇپ، قۇلاق ۋە تۈك ئۆسۈپ چىققان.

## پىرىماتلارنىڭ ئەجدادى

سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، كۆپلىگەن تارماق، تۈرلەر بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىپتىدائىي ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋىتى ئەڭ زىچ بولغىنى پىرىماتلار تۈرى. ئۇلارنىڭ ئەجدادى بولغان ئىپتىدائىي تۇپايىيا ئەسلىدە چاشقانغا ئوخشايدىغان كىچىك هايۋان ئىدى. ئۇنىڭ يەنىمۇ تەرەققىي قىلىشى بىلەن خىلمۇخىل مايمۇن تۈرلىرى ۋە ئادەمسىمان مايمۇن تۈرلىرى بارلىققا كەلگەن.




تۇپايىيا تەخمىنەن 70 مىليون يىللار ئىلگىرى دەرەخ ئۈستىدە ياشىغان.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يەر يۈزىدە ئۆرە تۇرۇش

يەر يۈزىدە ئوزۇقلۇق كۆپ بولغىنى
ىلەن، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ كۆپ ئىدى.
ۇلارغا سېلىشتۇرغاندا، قەدىمكى ئادەمسىمان
ايمۇنلارنىڭ قوغدىنىش ئىقتىدارى ئىنتايىن
ۆەن ئىدى. شۇڭا، ئۇلار پۇت ـ قولىنىڭ
ىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا، تۈپنىڭ كۆچىگە تا-
ىنىپ ناچار مۇھىت بىلەن كۈرەش قىلىشقا
ەجبۇر بولغان. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆرە تۇ-
ۇش ۋە ئۆرە مېڭىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى
ۈرگەن. بۇ قەدىمكى ئا-
ەمسىمان مايمۇنلارنىڭ
ىنسانلارغا قاراپ تەدرى-
ىي ئۆزگىرىش جەريانى-
ىكى مۇھىم بىر قەدەم
ېسابلىنىدۇ.



ھەمراھلىرىنى
چاقىرىش
نەتىجىسىدە، تىل
ئارقىلىق ئالاقى-
لىشىش تەرەققىي
قىلىشقا باشلىغان.

ئالدى پۇت مەخسۇس
قورال تۇتۇش بىلەن
ھەپىلەشكەنلىكتىن،
تەدرىجىي بىلەك ۋە
قولغا ئايلانغان.

ئوزۇقلۇق تېپىش، دۈشمەندىن
ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇلار كالتەك-
تىن پايدىلىنىپ پۇت ـ قوللىرىنىڭ
ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا مەجبۇر
بولغان. شۇنىڭ بىلەن، قول بىلەن
پۇت ئوتتۇرىسىدا ئىش تەقسىماتى
بارلىققا كەلگەن.

پۇتلىرى بەدىنىنى كۆ-
تۈرۈش ۋە ھەرىكەتلەن-
دۈرۈش رولىنى ئوي-
ناپ، رەسمىي ئىنسان
پۇتىغا ئايلانغان.



قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلارنىڭ
ھاياتىغا تەھدىت سالغان ئۇچلۇق
چىشلىق دىنوزاۋر

## دەرەختىن يەرگە چۈشۈپ ياشاش

10 ~20 مىليون يىللار ئىلگىرى، يەر پوستىدا غايەت زور ئۆزگىرىش يۈز بەرگەن. ئەينى
ەزگىلدە تاغ ھاسىل قىلىش ھەرىكىتى ناھايىتى جانلانغان بولۇپ، يەر شارىنىڭ تاشقى يۈزىنىڭ
ېمپېراتۇرىسىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەنلەپ، سوۋۇشقا باشلىغان. بۇنداق زور ئۆزگىرىشلەر سەۋەبىدىن،
ىلگىرى تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلۋاغلاردا دائىم كۆكىرىپ تۇرىدىغان دەل ـ دەرەخلەر شالاڭلاشقا
اشلىغان، ئورمانلىقلار ئارىسىدىكى بوش يەرلەر ئۈزلۈكسىز كېڭىيىپ، ئورمانلىقلارنىڭ ئورنىنى
ۇتلاق ئىگىلىگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەر يۈزىدىكى يېمەكلىكلەر دەرەخ ئۈستىدىكىدىن مول بولغاچقا،
ەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلار دەرەختىن يەرگە چۈشۈپ ياشاشقا يۈزلەنگەن.



ئۆرە ماڭالاي-
دىغان بولغان.

يىغقان
ياۋايى مېۋىلەر-
نى قولىدا كۆ-
تۈرۈۋالغان.

دەرەخ شې-
خى تەبىئىي
قورال ھې-
سابلانغان.

## ئىنسانلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى

دەرەختىن يەرگە چۈشۈپ يا-
شاشتىن ئىبارەت ئۆزگىرىش نەتى-
جىسىدە، قەدىمكى ئادەمسىمان ماي-
مۇنلار ئارىسىدىن بىر تارماق بۆلۈنۈپ
چىقىپ، ئىنسانلارغا قاراپ تەرەققىي
قىلىشقا باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئۆرە
تۇرۇش قىياپىتىنىڭ مۇقىملىشىشى
ھەمدە ئاددىي قوراللارنى ياسىيالايدى-
غان بولۇشىغا ئەگىشىپ، ئادەملەر
ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن ئايرىلىپ
چىققان. شۇنىڭ بىلەن، ئىنسانلار
بارلىققا كەلگەن.



مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلى
ئورمانلىقتىكى ئوزۇقلۇق ئازىيىپ
كەتكەچكە، قەدىمكى ئادەمسىمان ماي-
مۇنلار يەر يۈزىگە قاراپ تەرەققىي قى-
لىشقا باشلىغان.

پرىماتلار
رىدىكىلەرگە
زگىرىش

ئۇ دەرەختىن يەر-
گە چۈشۈپ، بىر تال
دەرەخ شېخىنى قولى-
غا ئالدى، بۇ تارىختا
مىسلى كۆرۈلمىگەن
ئىش ئىدى.





# ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان قەدىمكى ئىنسانلار ئۆرە ماڭالايدىغان بولغاندىن تارتىپ، قورال ياسىيالايدىغان بولغانغا قەدەر، ئۇزاققا سوزۇلغان بىر ئۆتكۈنچى باسقۇچنى، شۇنداقلا تۆۋەن دەرىجىدىن يۇقىرى دەرىجىگە قاراپ تەرەققىي قىلىشتەك ئۆزگىرىش باسقۇچىنى باشتىن كەچۈرگەن. بۇ ئۆزگىرىش باسقۇچى ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان. تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، كۆپلىگەن تارماق سىستېمىلار تەڭ مەۋجۇت بولۇپ، تەڭ تەرەققىي قىلغان. بەزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز، بەزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئاستىراق بولغان؛ بەزىلىرى كېيىنكە چېكىنگەن بولسا، بەزىلىرى نەسلى قۇرۇش يولىغا ماڭغان.



زىلۋا تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى



قاۋۇل تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى

## جەنۇپ ئادەمسىمان مايمۇنلىرى

ئۇلار قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلاردىن تەرەققىي قىلىپ بارلىققا كەلگەن ئەڭ بۇرۇنقى قەدىمىي ئىنسانلار بولۇپ، بۇنىڭدىن تەخمىنەن 4 مىليون يىللار ئىلگىرى پەيدا بولغان. ئۇلار ئۆرە مېڭىپلا قالماستىن، يەنە ئۇششاق قەدەملەپ يۈگۈرەلىگەن، ھەرىكىتى بىرقەدەر چەبدەس بولغان. ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي تەشكىلىي ئىنتايىن ئاددىي بولغان. ئۇلار كىچىك توپلارنى شەكىللەندۈرۈپ، بىرلىكتە ياشىغان، تەبىئىي قوراللارنى ئىشلىتەلىگەن ھەمدە ئاددىي قوراللارنى ياسىيالىغان. بەدەن ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئارخېئولوگلار ئۇلارنى ئافا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى، قاۋۇل تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى، زىلۋا تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ۋە قابىل ئادەم دەپ ئايرىغان.



جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى

قەدىمكى ئادەمسىمان مايمۇنلار پەيدا بولغان جاي

قاۋۇل تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2 مىليون 200 مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى: بەستلىك، باش سۆڭىكى يوغان، ئېڭىق چىشى چوڭ، ئوتتۇر چىشى ۋە قوزۇق چىشى كىچىكرەك، مېڭە ھەجىمى 520 كۇب سانتىمېتىر بولغان.



ئۇ بالىسىنى قۇچاقلىغىنىچە، ۋۇلقان ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يانار تاغقا شۈبھىلىك نەزەر تاشلاپ، ئوتلاق تەرەپكە مېڭىپ كەتتى ... تەخمىنەن 3 مىليون 700 مىڭ يىللار كېيىن، ئارخېئولوگلار تانزانىيىنىڭ لېتولىر رايونىدىن بۇ ئاياغ ئىزلىرىنى تاپتى. بۇ ئالىملار بۇنى ئافا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئاياغ ئىزى دەپ قاراشتى

ئافا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى

## قاۋۇل تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى

بۇ جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ بىر خىل تىپى بولۇپ، بەدىنى بەستلىك بولغانلىقتىن، قاۋۇل تىپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى دەپ ئاتالغان. ئۇلار بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2 مىليون 200 مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن. چىش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى، ئۇلار پۈتۈنلەي گۆشسىز غىزالىنىشتەك ئۇزۇقلىنىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ، كېيىن نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.

## جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرى

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى تىپى ئافا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى بولۇپ، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ماڭغاندىن باشقا، ئادەمسىمان مايمۇنلارغا خاس ئالاھىدىلىكنى بىرقەدەر كۆپ ساقلاپ قالغان. ئۇلار تاش قورال ياساشنى بىلمىگەن؛ مېڭىسى كىچىكرەك بولۇپ، ئاران 400 كۇب سانتىمېتىر كېلىدۇ؛ چىشلىرى ئادەمنىڭكىگە ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن قوزۇق چىشىنىڭ پەرقى بەك چوڭ. كېيىنكى مەزگىلدىكى زىلۋا جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنىنىڭ ئەجدادى دەپ قارالماقتا.

روسسى قىزچاقىنىڭ ئىسكىلىتى



## روسسى قىزچاق

1974 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ قەدىمكى ئىنسانشۇناسلىق ئالىملىرى ئافرىقىدىكى ئېفىئوپىيىنىڭ شىمالىدىكى خادا دېگەن جايدىن جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى ئىسكىلىتىنىڭ 40%چە ساقلىنىپ قالغان تاشقاتمىسىنى تېپىپ، ئۇنىڭغا «روسسى قىزچاق» دەپ نام بەردى. ئۇ بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليون 700 مىڭ يىللاردىن 3 مىليون يىللار ئىلگىرى ياشىغان.

www.uyghurkitap.com



ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى قابىل ئادەمنىڭ بېشى

## قابىل ئادەم

جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى نەتىجىسىدە، قابىل ئادەم بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭ بەدەن ئالاھىدىلىكى كېيىنكى باسقۇچتىكى ئۆرە ماڭغۇچى ئادەمگە بىرقەدەر يېقىنلاشقان. مېڭە ھەجمى 670 كۇب سانتىمېتىرغا يەتكەن. تاش قوراللارنى ياساش ماھارىتى خېلى پىشىپ يېتىلگەن. بۇ ھال ئىنسانلارنىڭ كېيىنكى باسقۇچقا ئۇڭۇشلۇق ئۆتۈشىنى ئىلگىرى سۈرگەن.



ئۇ بۇ تاشنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۇرۇپ - سوقۇپ پارچىلانسا شۇنچە ئۆتكۈر بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئۈستىدە بېرىلىپ ئويلانماقتا.

قابىل ئادەم

## زىلۋا تېپلىق جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 3 مىليون يىللار ئىلگىرى، شەرقىي ۋە جەنۇبىي ئافرىقا ئېتراپلىرىدا بۇ خىل ئادەمسىمان مايمۇن پەيدا بولغان. ئۇلارنىڭ بەدىنى كىچىكرەك، باش سۆڭىكىنىڭ تاشقى يۈزى سىلىق بولۇپ، مېڭە ھەجمى 500 كۇب سانتىمېتىرغا يەتكەن؛ ئوتتۇر چىشى ۋە قوزۇق چىشلىرى چوڭ، ئېزىق چىشلىرى كىچىكرەك بولغان. ئۇلار ئوزۇق تاللىمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، كېيىن گۆشنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىشقا باشلىغان، كېيىن جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئىلغار تىپ ـــ قابىل ئادەمگە ئايلانغان.

## تاش قورال ياساش

ئىنسانلار تاش قورال ياساش ئەمگىكى جەريانىدا دۇنياغا كەلگەن. چاقماق تېشى، كۋارتس، ھېقىق، ياپىلاق قورام تاش قاتارلىقلار تاش قورال ماتېرىياللىرى بولغان. ياساش ئۇسۇللىرىمۇ كۆپ خىل بولۇپ، چوقۇپ ياساش، سوقۇپ ياساش، چېقىپ ياساش، ۋاستىلىك ئۇرۇپ ياساش قاتارلىق ئۇسۇللار قوللىنىلغان.







تاش قوراللارنىڭ ياسىلىش جەريانى



تاشنى ئۇرۇپ - سوقۇپ چوڭ پارچىلاش

تاش بولقا بىلەن ئۇرۇپ، چوڭ - كىچىك تاش پارچىلىرىنى ھازىرلاش

شېغىل تاشنى قول بىلەن تۇتۇپ ئۇرۇپ تاش پارچىلىرىنى ھازىرلاش

## تاش قوراللار دەۋرى

ئىنسانلارنىڭ تاش قوراللارنى ئىشلەتكەن دەۋرى ئارخېئولوگىيىدە تاش قورال دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. تاش قوراللار دەۋرى ئىنسانلارنىڭ ھازىرقى ئومۇمىي تارىخىنىڭ تەخمىنەن 99 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇ دەۋر يەنە كونا تاش قورال دەۋرى ۋە يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسىدا تاش قوراللار ئۇرۇپ - چوقۇپ ياسالغان، كېيىنكىسىدە سۈركەپ - سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان.



## ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر ئالغا باسماقتا

بۇنىڭدىن 2 مىليون يىللار ئىلگىرى، قابىل ئادەملەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىغا كىرىشكە باشلىغان، بۇ باسقۇچ تاكى بۇنىڭدىن 200 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەزگىلگىچە داۋاملاشقان. ئارخېئولوگىيە تەتقىقات تارىخىدا، ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر دەسلەپتە «مايمۇنسىمان ئادەم» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، كىشىلەر ئۇلارنى ئەڭ قەدىمكى، ئادەمسىمان مايمۇنلارغا ئەڭ ئوخشىشىدىغان ئىنسانلار دەپ قارىغان. جەنۇب ئادەمسىمان مايمۇنى بايقالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىنسانلار تارىخى تەرەققىياتىنىڭ تۇنجى باسقۇچى دەپ قارالدى. ئىلگىرىكى «مايمۇنسىمان ئادەم» بولسا ئىككىنچى باسقۇچقا تەۋە قىلىنىپ، «ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى.



جيا لەنپو (1908～2001)

### ئالىي مەكتەپ دىپلومى يوق ئاكادېمىك

جيا لەنپو ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر ئارخېئولوگى. ياش ۋاقتىدا جۇكۇديەندىكى قېزىش خىزمىتىگە قاتناشقان. 1936 - يىل 11 - ئايدا، ئۇ ئۈچ بېيجىڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسىنى تاپقان. بۇ 1929 - يىل 12 - ئايدا پېي ۋېنجۇڭ تاپقان تۇنجى بېيجىڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسىدىن كېيىنكى يەنە بىر قىممەتلىك چوڭ بايقاش ھېسابلىنىدۇ. جيا لەنپو ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولسىمۇ، جاپاغا چىداپ تىرىشىش ئارقىلىق، ئاخىر جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاكادېمىكى بولغان.

### ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر

ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر باسقۇچىدىكى ئىنسانلار مايمۇنسىمان ئادەملەر دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆرە تۇرۇش ھالىتى ناھايىتى مۇكەممەللەشكەن بولۇپ، پۇتلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭكىگە ئىنتايىن ئوخشىشىدۇ. بويىنىڭ ئېگىزلىكى 150～170 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 50～70 كىلوگرام كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ مېڭە سىغىمچانلىقى تېز چوڭىيىپ، 1000 كۇب سانتىمېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولغان. ئۇلار تاش قوراللارنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ياسىيالىغان، ئوتتىن پايدىلىنىشقا باشلىغان ھەمدە ئوتنى كونترول قىلالىغان، شۇنداقلا تىل ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقىلىشەلىگەن. بۇ ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيلىككە يۈزلىنىشىدىكى بىر چوڭ ئالاھىدىلىك ھېسابلىنىدۇ.



قابىل ئادەمدىن ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەرگە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش

باش سۆڭىكى ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن لەنتيەن ئادىمىنىڭ رەسمى



لەنتيەن ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسى



ياۋا ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسى



باش سۆڭىكى ئاساسىدا ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن ياۋا ئادىمىنىڭ رەسمى

### ياۋا ئادىمى

ياۋا ئادىمى بۇنىڭدىن تەخمىنەن 700 مىڭ يىللاردىن 500 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەزگىلدە ياشىغان. 1891 - يىلى گوللاندىيىلىك ھەربىي دوختۇر دوبوۋا ھىندونېزىيىنىڭ ياۋا ئارىلىدىن بىر دانە باش سۆڭىكى، بىر تال يوتا سۆڭىكى ۋە بىر تال ئېزىق چىشىنىڭ تاشقاتمىسىنى تاپىدۇ. 1892 - يىلى ئۇ ئادەمگە ئەڭ ئوخشىشىدىغان بۇ ئادەمسىمان مايمۇننىڭ باش سۆڭىكىگە «ئۆرە ماڭىدىغان مايمۇنسىمان ئادەم» دەپ نام بېرىدۇ ھەمدە دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسىدىكى كەمتۈك ھالقىنى تېپىلدى دەپ قارايدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ بايقىشى بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن مەسخىرە قىلىنىدۇ. ئۇلار ياۋا ئادىمى ئەسلا ئادەم ئەمەس دەپ قارايدۇ.

1964 - يىلى ئېلىمىزنىڭ شەنشى ئۆلكىسى لەنتيەن ناھىيىسىدىكى گۇڭۋاڭلىڭ كەنتىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 1 مىليون 100 مىڭ يىللاردىن 800 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ياشىغان ئىپتىدائىي ئادەمنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسى تېپىلدى. ئارخېئولوگلار ئۇنىڭغا لەنتيەن ئادىمى دەپ نام بەردى. ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، لەنتيەن ئادىمى ئىلگىرى تېپىلغان بېيجىڭ ئادىمىدىنمۇ ئىپتىدائىي بولغان ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.



لەنتيەن ئادەملىرى يېمەكلىك يىغماقتا.

لەنتيەن ئادىمى تاش قورال ياسىماقتا.

لەنتيەن ئادەملىرى يېڭىلا بولىدىغان دەرەخ يىلتىزلىرىنى قورال بىلەن كولىماقتا.



لەنتيەن ناھىيىسىدىن تېپىلغان تاش قوراللار

www.uyghurkitap.com



## بېيجىڭ ئادىمى

1929 ـ يىل 12 ـ ئايدا، ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگى پېي ۋېنجۇڭ بېيجىڭنىڭ غەربىي جەنۇبىدىن 50 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جۇكۇديەننىڭ لۇڭگۇشەن تېغىدىن بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تۇنجى تاشقاتمىسىنى تاپتى. ئالىملار بۇ تاشقاتمىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، «بېيجىڭ ئادىمى» بۇنىڭدىن 600 مىڭ يىللاردىن 200 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى مەزگىللەردە ياشىغان ئۆرە ماڭىدىغان ئادەم دەپ قارىدى. شۇ يىلى يەنە بېيجىڭ ئادىمى ياسىغان تاش قوراللار ۋە كۈل دۆۋىسى، هايۋانلارنىڭ كۆيدۈرۈلگەن سۆڭەكلىرى، كۆيدۈرۈلگەن تاش، ياغاچ كۆمۈرلەرمۇ تېپىلدى. بۇلار 500 مىڭ يىللار ئىلگىرى بېيجىڭ ئادىمىنىڭ قورال ياسىيالىغانلىقىنى ۋە ئوت ئىشلەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بېيجىڭ ئادىمى تېپىلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئىنسانلار پەقەت 100 مىڭ يىلدىن ئارتۇقراق تارىخقا ئىگە دەپ قاراپ كەلگەنىدى.






باش سۆڭىكىگە ئا- ساسلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بېيجىڭ ئادىمىنىڭ رەسىمى

بېيجىڭ ئادىمى ئىشلەتكەن تاش قوراللار





1936 ـ يىلى جيا لەنپو ئۈچ دانە باش سۆڭەك تاشقاتمىسىنى تاپتى (مودېل)

1934 ـ يىلى ۋە 1966 ـ يىلى تېپىلغان ئىككى پارچە باش سۆڭەك تاشقاتمىسىنى جۈپلەش ئارقىلىق هازىرلانغان بېيجىڭ ئادىمىنىڭ باش سۆڭىكى

1929 ـ يىلى پېي ۋېنجۇڭ تاپقان تۇنجى بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى (مودېل)



ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن نېئاندېرتال ئادىمىنىڭ رەسىمى



نېئاندېرتال ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى

## بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ ئىز ـ دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىشى

بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسىنىڭ تېپىلىشى ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى ۋە بارلىققا كېلىشىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەهمىيەتكە ئىگە ئىدى. شۇڭا، بۇ تاشقاتما دۇنيا دەرىجىلىك دۆلەت گۆھىرى، دەپ ئاتالدى. 1937 ـ يىلى لۇگۇچياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن، ياپون باسقۇنچىلىرى بېيجىڭ ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىنى ئىشغال قىلىۋالدى. 1941 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا، خىزمەتچى خادىملار بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى ۋە تاغ چوققىسىدىكى ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ تاشقاتمىسى قاتارلىقلارنى ئىككى چوڭ ساندۇققا قاچىلاپ، ئامېرىكىغا ئاپىرىپ ساقلىماقچى بولدى. لېكىن، بۇ خادىملار ياپونىيە ئارمىيىسى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، بېيجىڭ ئادىمى باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى ئىز ـ دېرەكسىز يوقالدى، ئۇنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى هازىرغىچە سىر بولۇپ كەلمەكتە.

## ئىدراكلىق ئادەملەر

تەخمىنەن 200 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، ئىپتىدائىي ئادەملەر ئەڭ ئاخىرقى ئۆزگىرىش باسقۇچىغا، يەنى ئۆرە ماڭىدىغان ئادەملەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئىدراكلىق ئادەملەرگە ئايلىنىش باسقۇچىغا كىرگەن. مەسىلەن، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ يىڭكۇ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان، بۇنىڭدىن 280 مىڭ يىل ئىلگىرىكى جىننيۇشەن ئادىمى بېيجىڭ ئادىمىگە سېلىشتۇرغاندا، زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىگەن بولۇپ، ئۇ دەسلەپكى ئىدراكلىق ئادەملەرگە مەنسۇپ. دەسلەپكى ئىدراكلىق ئادەملەردىن يەنە نېئاندېرتال ئادىمى، ئېلىمىزنىڭ شۈيجياۋ ئادىمى ۋە مابا ئادىمى قاتارلىقلار بار.




ئىدراكلىق ئادەملەر ئوۋلانغان هايۋاننى ئۆتكۈر تاش پىچاق بىلەن سويماقتا.





# هازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ تاڭ نۇرى

ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات تارىخىدىكى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچ كېيىنكى ئىدراكلىق ئادەملەر ھېسابلىنىدۇ. ئىدراكلىق ئادەملەر تەخمىنەن 200 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى بارلىققا كەلگەن، 70 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئەڭ گۈللەنگەن مەزگىلگە قەدەم قويغان. ئۇلار سۈنئىي ئوت ئىشلىتىشنى بىلگەن، سۆڭەك يىڭنە بىلەن كىيىم تىكىپ كىيگەن، ئاددىي ئۆيلەرنى سالغان، نەپىس تاش قوراللارنى ياسىيالىغان، يەنە تېخى ئۆڭكۈر تاملىرىغا رەسىملەرنى سىزغان. يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ پەيدا بولۇشى نەتىجىسىدە، ئۇلار ناھايىتى تېزلا ھازىرقى زامان ئادەملىرى باسقۇچىغا قەدەم قويغان.

سۈنئىي ئۇسۇلدا ياغاچنى سۈركەش ئارقىلىق ئوت چىقىرىش



قېرىلار بىلەن ئاياللار تاش شارچىسى ياساماقتا.

## شۈيجياياۋ ئادىمى

سەنشى ئۆلكىسى ياڭگاۋ ناھىيىسىدىكى شۈيجياياۋ خارابىلىكىدىن 100 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەسلەپكى ئىدراكلىق ئادەمنىڭ چىشى ۋە باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتما پارچىلىرى، يەنە خىلمۇخىل قىرىش ـ يونۇش قوراللىرى، چوڭ، ئوتتۇراھال ۋە كىچىك تاش شارچىلار تېپىلدى. بۇنىڭدىن ئەينى مەزگىلدە شۈيجياياۋ ئادەملىرىنىڭ شوينىنىڭ ئىككى ئۇچىغا تاش شارچىلىرىنى باغلاپ، «يىپلىق تاشئاتقۇ» ياساپ ھايۋانلارنى ئوۋلىغان، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.



كونا تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا ياشىغان سەنشىدىكى جىيۇ ئادەملىرى تاش ئوقلۇق ساداق بىلەن چوڭ ھايۋانلارنى ئوۋلىيالىغان.



تاش شارچىلار

تاش شارچىلارنىڭ چوڭلىرى 1284 گرام، ئەڭ كىچىكلىرى 112 گرام كېلىدۇ.



قۇرامىغا يەتكەن ئەرلەر سالغا بىلەن ئوۋ ئوۋلىغان.

سالغا

شۈيجياياۋ ئادەملىرى سالغا ياساپ، ئوۋ ئوۋلاشقا ئىشلەتكەن.



شۈيجياياۋ ئادەملىرى تاش پارچىلىرى بىلەن ھايۋانلارنى ئوۋلىماقتا.

ئىنسانلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتىنىڭ سخېمىلىق خەرىتىسى (يىل بىرلىكى: 10 مىڭ يىل)



www.uyghurkitap.com



## دىڭسۈن ئادىمى

سەنشى ئۆلكىسى شياڭفېن ناھىيىسىدىكى دىڭسۈن كەنتى خارابىلىكىدىن بۇنىڭدىن 100 مىڭ يىللار دىن 50 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى دەسلەپكى ئىدراكلىق ئادەملەرنىڭ ئۈچ دانە چىشى ۋە بوۋاقنىڭ بىر پارچە چوققا سۆڭەك پارچىسىنىڭ تاشقاتمىسى ھەمدە كۆپلىگەن تاش قورال تېپىلدى. بۇلارغا ئاساسەن ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇكى: ئۇلار فېنخې دەرياسى بويىدا ياشىغان، ئاياللار يېگىلى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزلىرىنى ئۈچ قىرلىق ئۇچلۇق تاش قوراللار بىلەن كولىغان، ئەرلەر تاش شارچىلار بىلەن ئوۋ ئوۋلىغان.



نۇيجياۋ خارابىلىكىدىن
تېپىلغان چوققا سۆڭىكى
ۋە چىشلارنىڭ تاشقاتمىسى

دىڭسۈن ئادەملىرى تاش قورال بىلەن ئۆسۈملۈك يىلتىزى كولىماقتا.





دىڭسۈن ئادىمى ئىشلەتكەن تاش قوراللار

جىيۇ ئادىمى ئەڭ بۇرۇن ئوقيا ئىشلەتكەن.



## شيۈ ئادىمى

سەنشى ئۆلكىسى شوجۇ ناھىيىسىنىڭ جىيۇ كەنتىدىكى كونا تاش قوراللار خارابىلىكىدىن چاقماق تېشى، دالاشپاتتىن ياسالغان يا ئوقى باشقى تېپىلدى. ئۇنىڭ ئۇچىلا ئەمەس، ئىككى يان تەرىپىمۇ ناھايىتى ئۆتكۈر بولۇپ، ئىنچىكىلىك بىلەن ئىشلەنگەن. ئۇنى يا ئوقى دەستىسىنىڭ ئۇچىغا ئورناتقىلى بولاتتى. خارابىدىن يەنە كۆپلىگەن ياۋا ئات تاشقاتمىلىرى تېپىلدى. بۇ نەرسىلەرگە ئاساسەن، 28 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان جىيۇ ئادەملىرى ياۋا ئاتلارنى ئوۋلاپ تۇرمۇش كەچۈرگەن، دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

جىيۇ ئادىمى ياۋا-
ي ئاتلارنى ئوۋلاپ
تۇرمۇش كەچۈرگەن.

جۇكۇدىيەندىن تېپىلغان بۇنىڭدىن 18 مىڭ يىللار ئىلگىرىكى تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسى





باش سۆڭىكىگە ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ ھەيكىلى

تاغ چوققىسى ئۆڭ-
كۈر ئادەملىرى قۇلۇلە
قېپى ۋە ھايۋانلارنىڭ
چىشلىرىنى تېشىپ،
ـپ ئۆتكۈزۈپ زىبۇ-
زىننەت بۇيۇمى قىلغان.

## تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمى

تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمىنىڭ باش سۆڭەك تاشقاتمىسى 1933 ـ يىلى بېيجىڭ جۇكۇدىيەندىكى لۇڭگۇشەن تېغىدىن تېپىلدى. تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمى تەخمىنەن 18 مىڭ يىللار ئىلگىرى ياشىغان بولۇپ، كېيىنكى ئىدراكلىق ئادەملەرگە مەنسۇپ. تەتقىقات نەتىجىسىدە، تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمى بىز سېرىق تەنلىكلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى، ھازىرقى زامان ئادىمىدىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدىغانلىقى، نەپىس تاش قوراللارنى ياسىيالايدىغانلىقى، شۇنداقلا قۇلۇلە قېپى ۋە ھايۋانلارنىڭ چىشلىرىغا تۆشۈك ئېچىپ، ئۇلارنى يىپقا ئۆتكۈزۈپ زىننەت بۇيۇمى قىلغانلىقى، بېلىق تۇتالىغانلىقى ۋە سۆڭەك يىڭنىدىن پايدىلىنىپ تېرە كىيىملەرنى تىكىپ كىيگەنلىكى ئىسپاتلاندى.

ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىدىن ياسالغان يىڭنە بىلەن ھايۋان تېرىسىدىن كىيىم تىكىش

قۇلۇلە قېپى ۋە ھايۋانلارنىڭ چىشلىرىدىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى



تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادەملىرىنىڭ تۇرمۇشى



ھايۋان تېرىسىنى يەرگە يېيىپ تۈزلەپ كىيىم تىكىش

يېقىن ئەتراپىدا تاغ ـ دەريالارنىڭ
ـولغانلىقى تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئا-
ـەملىرىنى سۇ، تۇرالغۇ ۋە ئوزۇقلۇق
ـەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن.

ھايۋان تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىي-
گەن تاغ چوققىسى ئۆڭكۈر ئادىمى ئاياللىرى

# يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت

10 نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتى يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويىدى. بۇ دەۋر تاكى شاڭ سۇلالىسى دەۋرىگە قەدەر، يەنى يازما خاتىرىلىك تارىخ بارلىققا كېلىش ئالدىدىكى دەۋرگە قەدەر داۋاملاشتى، شۇڭا يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت دەۋرى دەپ ئاتالدى. يېڭى تاش قوراللار دەۋرىنىڭ ئاساسلىق بەلگىسى شۇكى، كىشىلەر دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان كۆپلىگەن تاش قوراللارنى سىلىقلاپ ياساپلا قالماستىن، يەنە ساپال قاچىلارنى ۋە قاشتېشى ياكى ھېيقىلارنى سۈركەپ ياسىيالايدىغان بولدى. بولۇپمۇ، ساپال قاچىلارنىڭ ياسىلىشى كىشىلەرنىڭ ئوتنىڭ ھارارىتىنى تىزگىنلەشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى ھەمدە زىرائەت ياكى ئوۋلانغان يېمەكلىكلەرنى ئىدىشلارغا قاچىلاپ ساقلاشنى، تاماقنى پىشۇرۇپ يېيىشنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.






يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى

## يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنىڭ تارقىلىشى

ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، يېڭى تاش قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى ھەرقايسى جايلاردا بىرقەدەر مەركەزلەشكەن كەڭ دائىرىلىك ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى بايقىدى. خۇاڭخې ۋادىسىدا ياڭشاۋ مەدەنىيىتى ۋە لۇڭشەن مەدەنىيىتى؛ چاڭجياڭ ۋادىسىدا داشى مەدەنىيىتى، خېمدۇ مەدەنىيىتى ۋە لياڭجۇ مەدەنىيىتى. شىمالىي رايونلاردا خۇڭشەن مەدەنىيىتى بارلىققا كەلگەن.




ئىپتىدائىي قەبىلىلەر دەريا ۋادىلىرىغا ماكانلاشقانىدى.

قەبىلە ئولتۇراق جايلىرى قاشا بىلەن قورشالغان، بۇ يىرتقۇچ ھايۋانلار ۋە باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش رولىنى ئوينىغان.

گەمە نەرسە ـ كېرەك ساقلاشقا ئىشلىتىلگەن.

سۇ تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۇۋى ئۈچلۇق، ئاغزى كىچىك كوزا



يۇقىرى قىسمى ئادەم بېشىسىمان قىزىل ساپال ئىدىش

قايىنام گۈللۈك رەڭلىك ساپال ئاياقتا قارا ۋە قىزىل رەڭ ئارىلاش ئىشلىتىلگەن، نەقىشلىرى ئىنچىكە، بىلەن سىزىلغان، سىزىقچىلىرى ناھايىتى راۋان.

## يازما تارىختىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 7000 يىللار ئىلگىرى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق قەبىلىلىرىنىڭ گۈللىنىش مەزگىلىدە تۇرغان. خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى قەدىمكى ئادەملەر دەريا بويىلاپ ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، ھەربىر قەبىلە نەچچە ئون كىچىك ئۆيدىن تەركىب تاپقان. كىچىك ئۆيلەر كوللېكتىپ ئىشلىتىدىغان بىر چوڭ ئۆينى چۆرىدەپ سېلىنغان. ئۇلار كىچىك ئۆيلەردە يېتىپ ـ قوپۇپ تۇرمۇش كەچۈرسە، چوڭ ئۆيگە يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزەتتى. تۇرالغۇ رايونىنىڭ يېنىدا جامائەت قەبرىستانلىقى بار ئىدى. چۈنكى، ئۇلار بىر قەبىلىدىكىلەر ئۆلگەندىن كېيىنمۇ بىللە ياشايدۇ دەپ قارىشاتتى.



ياڭشاۋ مەدەنىيىتى ئوخشاش مەدەنىيەتلىك قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇلار دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلغان، يەنە ساپال قاچىلارنى پىشۇرۇپ ياسىغان. ياڭشاۋ مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ساپال بويۇملاردا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئايال ئىلاھقا چوقۇنىدىغان خۇڭشەن مەدەنىيىتى



خۇڭشەن مەدەنىيىتى
يادىكارلىقى

خۇڭشەن مەدەنىيىتى شىمالغا تارالغان بولۇپ، ئىچكى موڭغۇلىيىنىڭ شەرقىي
جەنۇبى، لياۋنىڭ ئۆلكىسىنىڭ غەربى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شىمالى ۋە جىلىن ئۆلكـ
ـسىنىڭ غەربىي شىمال قىسىملىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكـ
ـنىڭ ياڭشاۋ مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىدۇ. خۇڭشەن مەدەنىيىتىگە ئائىت ئەڭ مۇھىم تېـ
ـپىلما بىر ئورۇندىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان قۇرۇلۇش خارابىسى بىلەن بىر ئايال
ئىلاھنىڭ ئىبادەتخانىسىدىن ئىبارەت. خارابىدىن 20دىن ئارتۇق لاي ساپال ھەيكەلنىڭ
چىققانلىقى بۇ جاينىڭ ئىلاھلارغا ئاتاپ دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىدىغان سورۇن
ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. ئىبادەتخانىدىن چىققان ئايال ئىلاھ ھەيـ
كەللىرىگە قارىغاندا، مەركەزلىك ھەم قاتلاملىق
«ئايال ئىلاھلار سىستېمىسى»نىڭ شەكىللەنگەنـ
ـلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



خۇڭشەن
مەدەنىيىتىـ
ـگە مەنسۇپ
...ۇش ۋە ھايۋان شەكىللىك
...اشتېشى بۇيۇملىرى

ئايال ئىلاھقا چوقۇنۇش خۇڭشەن مەدەـ
ـنىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى، لايدىن
ياسالغان بۇ ئايال ئىلاھنىڭ ئىككى كۆزىگە
قاشتېشى پارچىسى ئورنىتىلغان بولۇپ،
ئاجايىپ بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرىـ
ـدۇ. بۇ بۇگۇنگە قەدەر جۇڭگودىن تېـ
ـپىلغان ئەڭ بالدۇرقى ئايال ئىلاھ
ھەيكىلى ھېسابلىنىدۇ.



قاچا ـ قۇچىلار



پىل چىشىغا ئويۇلغان «جۈپ
ئەنقانىڭ قۇياشقا تەلپۈنۈشى»
دېگەن بۇ يادىكارلىق خېمىدۇ
مەدەنىيىتىگە مەنسۇپ.

بۇ كۈل رەڭ قارا
ساپال قاچا خېمىدۇ
مەدەنىيىتى ئالاھىدىـ
ـلىكىگە ئەڭ باي ساپال
قاچا ھېسابلىنىدۇ.

## ساپال قاچىلارنىڭ ياسىلىشى ۋە ئىشلىتىلىشى

ئىپتىدائىي قەبىلىلەردىكى ساپالچىلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن ئاياللار زىمـ
ـمىسىگە ئالغان، ئەرلەر بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە ئوزۇقلۇق يىغىش بىلەن شۇ
ـغۇللانغان. ئەڭ دەسلەپكى دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىنىمۇ ئاياللار باشلاپ
بەرگەن. ئۇلار پىشۇرۇپ ياسىغان ساپال قاچىلار سۇ ئىسسىتىش ۋە تاماق پىشۇ
ـرۇشقا ئىشلىتىلگەن. ساپال قاچىلارنى ياساش ھۈنەر ـ سەنئىتى تاش قورالـلار
...، سۆڭەك قوراللارنى ياساشتىن مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى
يازما تارىختىن ئىلگىرىكى
ئىنسانلارنىڭ تېخنىكا ۋە ھۈـ
نەر ـ سەنئەت سەۋىيىسىنى
يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرگەن.



ساپال قاچىنىڭ ئۈستىدىكى بېزەك نەـ
ـقىشلىرىنى ئۈچ بۇرجەك نەقىش، چەمبەرـ
ـسىمان نەقىش، دولقۇنسىمان نەقىش، قايـ
ـنامسىمان نەقىش، يۇلتۇزسىمان نەقىش قاـ
ـتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇ داۋېنكۇ مەـ
ـدەنىيىتىگە مەنسۇپ سەككىز بۇرجەك، يۇلـ
ـتۇزسىمان نەقىشلىك ساپال قاچا.



سىرتى چاسا، ئىچى يۇـ
ـمىلاق كەلگەن تۈۋرۈكسىمان
ئىسرىقدان



## ئىپتىدائىي گۈزەللىك

يازما تارىختىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت تەرەققىي
قىلىپ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە، ساپال
قاچا ياساش كەسپى قىزىل ساپال ۋە قارا ساپالدىن
ئىبارەت ئىككى چوڭ تۈرگە رەسمىي ئايرىلىپ چىقـ
ـقان، شۇنداقلا شەكىللىرى گۈزەللىشىپ، ئۈستىگە
سىزىلغان گۈل نۇسخىلىرى ۋە نەقىشلىرىمۇ كۆپ
خىللاشقان، قاشتېشى بۇيۇملىرىنىڭ ياسىلىشىمۇ خېـ
ـلى يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن. بۇ ئەينى مەزگىلدە كىـ
ـشىلەردە گۈزەللىك قارىشىنىڭ تەدرىجىي شەكىللەنـ
ـگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.





ھايۋان بېشى رەسىمى چېـ
ـكىلگەن قاشتېشى ئىسرىقدان
لياڭجۇ مەدەنىيىتى يادىكارلىـ
ـقى ھېسابلىنىدۇ.

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىدىكى قەبىلىـ
ـلەردە، ئاياللار ئائىلە ئىشلىرى، كىيىم تىكىش،
پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش، باقمىچىلىق ۋە ساـ
ـپالچىلىق قاتارلىق كۆپلىگەن ئىشلارغا مەسئۇل
ئىدى. باللار ئانىلىرىنىلا تونۇپ، ئاتىلىرىنىڭ
كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، شۇڭا ئاياللار
يۇكسەك ئىجتىمائىي ئورۇنغا ئىگە ئىدى.




تاش يارغۇنچاق دانلىق زىرائەتلەرنى ياـ
ـنجىشقا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق
پىششىق تاماقلار تېخىمۇ مەززىلىك بولغان.



ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا يەر
ئوچاق بولۇپ، تاماق ئېتىشكە
ۋە ئىسسىنىشقا ئىشلىتىلگەن.

دەل ـ دەرەخ كۆلى ئاـ
ـرىلاشتۇرۇلغان لايدىن ياـ
ـسالغان بۇ «سۇپا» ئۇخلايـ
ـدىغان جاي.

ئىپتىدائىي تۇرالغۇ ئۆيلەر يېرىم گەمە شەكىللىك، ئاستى چاسا،
ئۈستى ئۈچلۈق كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق ياغاچ تۈۋرۈكلەر ئورـ
ـنىتىلغان. ئەڭ چوڭ ئۆينىڭ كۆلىمى 100 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن.

تۇرالغۇ ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىر بۆلەك ئېگىز كۆتۈرۈلـ
ـگەن كارىدور بولۇپ، ئۇ ئىسسىقلىق ساقلاش ۋە يامغۇر سۈيىنىڭ
ئۆيگە كىرىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش رولىنى ئوينىغان.

# جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ رىۋايەتلەردىكى ئەجدادلىرى



رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يىراق قەدىمكى زاماندا شەرقتىكى تەيخاۋ قەبىلىسى، جەنۇبتىكى يەندى قەبىلىسى، غەربىي شىمالدىكى خۇاڭدى قەبىلىسى ئۈچ تەرەپ بولۇپ ئۆزئارا تىركىشىپ تۇرغان. كېيىن، خۇاڭدى قەبىلىسى كۆچىيىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىغا قاراپ تەرەققىي قىلىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، تەيخاۋ قەبىلىسى بىلەن يەندى قەبىلىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان. كېيىن زېمىنى يەنە كېڭىيىپ، شەرقتە بوخەي دېڭىزىغىچە، غەربتە گەنسۇغىچە، جەنۇبتا چاڭجياڭ ۋە خۇەيخې دەريالىرى ۋادىسىغىچە، شىمالدا خېبېي تۈزلەڭلىكىگىچە يەتكەن. خۇاڭدى قەبىلىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتە، ئاساسلىقى خۇاڭدىنىڭ مەدەنىيەت - مائارىپ ۋە ھەربىي ئىشلار جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىگە تايانغان. ئەينى مەزگىلدە كىشىلەرنىڭ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، تۇرالغۇ جاي، قاتناش جەھەتلەردە ئىشلىتىدىغان نۇرغۇن نەرسىلىرىنى خۇاڭدى كەشىپ قىلغانىكەن. دېھقانچىلىق پىرىنىڭ «دېھقانچىلىققا تايىنىپ دۆلەت قۇرۇشى»دىن كېيىن، خۇاڭدىنىڭ «ھۈنەرگە تايىنىپ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشى» ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.



## يەندى - خۇاڭدى ئىتتىپاقى

رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، يەندى بىلەن خۇاڭدى رەھبەرلىكىدىكى ئىككى قەبىلە شاۋدىيەن ئۇرۇقىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىكەن. يەندى قەبىلىسى جەنۇبتا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، كېيىن ئاستا - ئاستا خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ۋە تۆۋەن ئېقىنىغا يۆتكىلىپ، شەندۇڭغا يېتىپ بارغان. ئەينى چاغدا، غەربىي شىمالدا ماكانلاشقان خۇاڭدى قەبىلىسىمۇ شەرققە قاراپ يۆتكىلىۋاتقان بولغاچقا، ئىككى قەبىلە توقۇنۇشۇپ قالغان، ئۇلار بەنچۈەن دېگەن جايدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان. يەندى قەبىلىسى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ تەسلىم بولغاندىن كېيىن، خۇاڭدى قەبىلىسى تەرىپىدىن قوشۇۋېلىنىپ، يەندى - خۇاڭدى ئىتتىپاقىنى تەشكىل قىلغان. مانا بۇ كېيىنكى خۇاشيا مىللىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەجدادلىرىدۇر. شۇڭا، جۇڭگولۇقلار ئۆزلىرىنى «يەندى - خۇاڭدى ئەۋلادى» دەپ ئاتايدۇ.



خۇاڭدىنىڭ رەسمى

## خۇاڭدى

قەبىلە ئاقساقىلى خۇاڭدىنىڭ ئىسمى سېرىق تۇپراق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. ھازىرقى خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجېڭ دېگەن يېرى خۇاڭدى قەبىلىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى بولغان. جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن ئېيتقاندا، سېرىق تۇپراق رايون دەل مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ، خۇاڭدىغا مۇناسىۋەتلىك تارىخىي ئىزلارمۇ سېرىق تۇپراق رايوندا يۈز بەرگەن. شۇڭا، خېنەن ئۆلكىسىنىڭ شىنجېڭ رايونى خۇاڭدى قەبىلىلىرىنىڭ بۆشۈكى دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ.




## جۇلۇ ئۇرۇشى

چى يۇ، جيۇلى قەبىلىسىنىڭ ئاقساقىلى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ بېشى مىس، پېشانىسى تۆمۈردىن يارالغان بولۇپ، ئىنتايىن ۋەھشىي ئىكەن. بۇ قەبىلە ئەسلىدە چاڭجياڭ ۋە خەنشۈي دەريالىرى ۋادىسىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، جيېجى كۆلىنىڭ تۇزىنى تالىشىش ئۈچۈن، جەنۇبتىن شىمالغا كېلىپ، جۇلۇدا خۇاڭدى بىلەن بىر مەيدان چوڭ جەڭ قىلغان. بۇ ئۇرۇش قەبىلىنىڭ ھايات - ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، ئىككى تەرەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېلىشقان. خۇاڭدى كېمە، هارۋا، ئوقيا قاتارلىق ئىلغار قوراللارنى ئىشلىتىپ، چى يۇنى جاڭخې دەرياسى بويىغا قوغلىۋەتكەن. خۇاڭدى يەنە لەشكەرلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىقىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، لىڭ لۇنغا «جاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈش ناخشىسى»نى يازدۇرۇپ، ناخشا سادالىرى ئىچىدە چى يۇنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، خۇاڭدىنىڭ نامى جاھاننى زىلزىلىگە سالغان.



جۇلۇ ئۇرۇشى



ئەلئارا قەغەز قىيما رەسىملەردىكى چى يۇنىڭ ئوبرازى



شەنشى ئۆلكىسىدىكى چياۋشەن تېغىغا جايلاشقان خۇاڭدىنىڭ قەبرىسى

www.uyghurkitap.com





يۈ شۇن ياۋ دىكۇ جۇەنشۈي خۇاڭدى شېننۇڭ سۈيرېنشى

خەن دەۋرىدە خىشقا سىزىلغان قەدىمكى پادىشاھلار رەسىملىرى

## سېرىق توپىلىق رايون

سېرىق توپىلىق رايون خېنەن ئۆلكىسىـ
ۋ غەربىدىكى چيۇلىڭ، سەنشى ئېگىزلىـكى
ئۈەنجۇڭ ئويمانلىقى ئەتراپلىرىنى ئىچـگە
ىدۇ. بۇ جاينىڭ يېرى كەڭ، تۇپرىقى يۇمـ
، ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇاڭخې دەرياسىنىڭ سۇـ
ىلەن سۇغىرىلغاچقا، تېرىقچىلىققا ئىنتايىن
. بۇ جايدىكى سېرىق توپىنىڭ يېپىشقاقلىقى
ىرى بولغاچقا، قېزىلغان گەمىلەر ئىنتايىن مەزمۇت ھەم مۇستەھكەم، قىشتا ئىسسىق، يازدا سالقىن بولۇپ، تۇرۇشقا
ىتايىن مۇۋاپىق. شۇڭا، خۇاڭدى قەبىلىسى بۇ جايدا ئەۋلادمۇئەۋلاد ياشاپ، گۈللىنىپ ھەم تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

## رىۋايەتلەردىكى قەدىمكى پادىشاھلار

ئېلىمىزنىڭ رىۋايەتلىرىدىكى قەدىمكى پادىشاھلارنىڭ كۆپ قىسمى ئاتىلىق ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن. خۇاڭدىدىن ئىلگىرىكى سۈيرېنشى (ئوتنى كەشىپ قىلغان زات) ۋە شېننۇڭ (دېھقانچىلىق پىرى) جاھالەت دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەدەنىيەتكە ۋەكىللىك قىلغان. خۇاڭدىدىن كېيىنكىسى مىللەتلەرنىڭ چوڭ قوشۇلۇش باسقۇچى بولۇپ، ھەرقايسى قوۋملار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جۇەنشۈي، دىكۇدىن ئىبارەت ئىككى سىستېمىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، خۇاڭدىنىڭ ئورتاق ئەۋلادلىرىغا ئايلانغان، يەنە دانىشمەن ياۋ، شۇن، يۈلەرنىڭ دەۋرىگە ئۆتكەن. بۇ دەۋردە، ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى قوۋملار قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەن. ياۋ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى سەردارى بولغان. كېيىن، ياۋ ئورنىنى شۇنگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. شۇن قېرىغاندا ئورنىنى يۈگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. يۈ ئىنتايىن ئىقتىدارلىق كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ كەلكۈننى تىزگىنلىگەنلىكى ھەققىدىكى ھېكايىلەر بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىپ كەلگەن.



12 مۇچەل خۇاڭدى دەۋرىدە كەشىپ قىلىنـ
غان. بۇنىڭدا بۇرجلۇق يىل ھېسابلاش ئۇسۇلىغا
ئاساسەن، چاشقان، كالا، يولۋاس، توشقان قاتارلىق
12 خىل ھايۋان 12 مۇچەلگە ۋەكىل قىلىنغان.




جۇ (غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا خۇاڭدىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا مۇشۇ يەر سۈيۇرغال قىلىپ بېرىلگەن)






رىۋايەت قىلىنىشچە، بۇرغا بىلەن نەيىنىمۇ خۇاڭدى كەشىپ قىلغانىكەن.

خۇاڭدى كەشىپ قىلغان پادىشاھلىق تاج ۋە تون



رىۋايەت قىلىنىشچە، خۇاڭدى شۇچيۇدا، يەنى ھازىرقى شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چۈيخۇدا تۇغۇلغانىكەن.

## خۇاڭدىنىڭ كەشپىياتلىرى

جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ تارىخىدىكى كۆپلىگەن مەدەنىيەتلەر خۇاڭدى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. مەسىلەن، ساڭ جيې يېزىقنى كەشىپ قىلغان. لى شۇ ساننى كەشىپ قىلغان، رۇڭ چېڭ كالېندارنى كەشىپ قىلغان، لىڭ لۇن مۇزىكىنى كەشىپ قىلغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، خۇاڭدىنىڭ ئۆزى تېخىمۇ ئۇلۇغ كەشپىياتچى ئىكەن. هارۋا، كېمە، ئۆي ـ ئىمارەت، ئوقيا، كىيىم ـ كېچەك، ھەتتا قازان ـ قومۇچلارنىمۇ خۇاڭدى كەشىپ قىلغان. شۇڭا، جۇڭخۇا مىللىتى خۇاڭدى دەۋرىدىن كېيىن مەدەنىيەتلىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغان، دېيىشكە بولىدۇ.



لېيزۇ پىلە بېقىپ يىپەك رەخت توقۇش ئارقىلىق «خانىشنىڭ شەخسەن ئۆزى رەخت توقۇش» ئەنئەنىسىنى باشلاپ بەرگەن.

## لېيزۇ

لېيزۇ خۇاڭدىنىڭ ئايالى. يۇرتىدا ياۋايى پىلە بەك كۆپ بولغاچقا، ئۇ پىلە بېقىش ۋە يىپەك رەخت توقۇش ئۇسۇلىنى ئۆگىنىۋالغان. ئۇ بۇ ھۈنەرنى پۇقرالارغىمۇ ئۆگىتىپ، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشقا ياردەم بەرگەن. لېيزۇ كېيىنكىلەر تەرىپىدىن «پىلىچىلىك پىرى» دەپ ھۆرمەتلىنىپ، جۇڭخۇا مىللىتىدىن چىققان نۇيۋادىن كېيىنكى ئىككىنچى ئۇلۇغ ئايالغا ئايلانغان.



خۇاڭدى قەبىلىسى ئېيىقنى توتېم قىلغان. شۇڭا، خۇاڭدى قەبىلىسىنىڭ قەدىمكى پايتەختى «يۇشيۇڭ» دەپ ئاتالغان.

# شيا، شاڭ دەۋرى تۇچ داۋقان قويۇلغان مەزگىل



ئۇلۇغ يۈنىڭ ئوغلى چى جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى سۇلالە — شيا سۇلالىسىنى قۇردى. شيا سۇلالىسى قانۇن ۋە ئالۋان - ياساق تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، بىرلىككە كەلگەن كالېندارنى يولغا قويۇپ، دەسلەپكى مەزگىلدىكى دۆلەت ھاكىمىيىتىنى شەكىللەندۈردى. شاڭ تاڭ شيا سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شيا سۇلالىسىنىڭ ئاساسىدا چاسا ئېتىز تۈزۈمىنى يولغا قويىدى ھەمدە پۇل تارقىتىپ، سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئارقىلىق، سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پارلاق يىن، شاڭ سۇلالىسى مەدەنىيىتىنى ياراتتى.

## خۇاشيا مىللىتىنىڭ تۇنجى سۇلالىسى — شيا سۇلالىسى

شيا سۇلالىسى جۇڭگو تارىخىدىكى يىلنامىسى بار تۇنجى سۇلالە. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، جۇڭگو جەمئىيىتىدە سايلاپ كۆرسىتىش تۈزۈمى يولغا قويۇلغانىدى. ياۋ، شۈن، يۈلەر سايلام ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن ئۇرۇق ئاقساقاللىرى ئىدى. يۈ ئۆلۈش ئالدىدا بو يىنى ئۆزىنىڭ ۋارىسى قىلىپ كۆرسەتكەنىدى، لېكىن يۈنىڭ ئوغلى چى بو يىنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ھاكىمىيەتنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋېلىپ، شيا سۇلالىسىنى قۇردى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پادىشاھلىق تۈزۈم دېموكراتىك تۈزۈمنىڭ ئورنىنى، تەختنى ئوغلىغا قالدۇرۇش تۈزۈمى تەختنى دانىشمەنلەرگە قالدۇرۇش تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى. شاڭ تاڭ شيا سۇلالىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن، شيا سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇرۇقداش قەبىلىلەردىن دۆلەتكە قاراپ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تاماملىدى.



شاڭ تاڭ شيا سۇلالىسىنى يوقىتىش جەريانىدا، ئايلىنىپ ئۆتۈش تاكتىكىسىنى ئىشلىتىپ، شيا سۇلالىسىنىڭ ئەتراپىدىكى بېقىندى بەگلىكلەرنى يوقىتىش ئارقىلىق، شيا جيېنى ياردەمسىز ھالەتتە قالدۇرۇپ، ئاندىن مەركىزىي رايونغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن.



شاڭ تاڭنىڭ
شيا سۇلالىسىنى
يوقىتىش ئۇرۇشى

يېقىن زاماندا تېپىل
شيا سۇلالىسىنىڭ قاشت
بۇيۇملىرى



يولۋاسقا ھەم ئوخشايدىغان، ھەم ئوخشىمايدىغان بۇ خىل نەقىش بىلەن كېيىنكى تۇچ بۇيۇملارغا چۈشۈرۈلگەن يىرتقۇچ ھايۋان سۈرىتى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك.



ئادەم يۈزلۈك
قاشتاش بۇيۇم

## شيا سۇلالىسىنىڭ قاشتاش بۇيۇملىرى

قاشتاش — قىممەتلىك تاش ماتېرىيالى. شيا سۇلالىسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، قاشتاش بۇيۇملىرى دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ سىمۋولىغا ئايلانغان. قاشتېشى بۇيۇملىرى ئىككى چوڭ خىلغا ئايرىلاتتى، بىر خىلى گۈي، يەنە بىر خىلى بى دەپ ئاتىلاتتى. گۈي بۇرجەكلىك، بى بولسا يۇمىلاق شەكىللىك ئىدى. تەڭرىقۇت ۋە بەگلەر يادلىرىغا گۈي ئېسىۋالاتتى، بۇ ھوقۇق ۋە ئابرۇينىڭ سىمۋولى ئىدى. قاشتاش بۇيۇملىرى نەزىر - چىراغ ئىشلىرىغىمۇ ئىشلىتىلەتتى.



يىن – شاڭ سۇلالىسى ئادەملىرىنىڭ خۇراپىيلىقى كۈچلۈك بولغاچقا، ئۇرۇشقا چىقىشتىن ئىلگىرى تەڭرىگە، يەرگە ۋە ئەجدادلىرىغا ئاتاپ نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزەتتى.

## شاڭ تاڭنىڭ شيا سۇلالىسىنى يوقىتىشى

شيا سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھىنىڭ ئىسمى جيې بولۇپ، ئېلىمىز تارىخىدا ئۆتكەن تۇنجى زالىم پادىشاھ. ئۇ ئەيش - ئىشرەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەچكە، ھەممە ئادەمنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىغانىدى. چېڭ تاڭ شاڭ بەگلىكىنىڭ بېگى بولۇپ، شاڭ تاڭ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئۇ يى يىنى جيېگە نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن بەش قېتىم ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھېچقانداق ئۈنۈمى بولمىغاچقا، ئۇ قوشۇن باشلاپ جازا يۈرۈشى قىلىش قارارىغا كېلىدۇ. شاڭ تاڭ بىلەن جيې مىڭتياۋ ئەتراپىدا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدۇ، جيې ئەسىرگە چۈشىدۇ. كېيىن، شاڭ تاڭ شاڭ بەگلىكىنىڭ سۇيۇرغاللىق يېرى خاۋنى پايتەخت قىلىپ شاڭ سۇلالىسىنى قۇرىدۇ.

تۇغقۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com



## يىن خارابىسى مەدەنىيىتى

شاڭ سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى پاي-ەختى ئەڭ دەسلەپتە خاۋ (هازىرقى خېنەن ئۆل-ىسىنىڭ شاڭچيۇ ناهىيىسى)نى پايتەخت قىلغان. ېيىن، بىرقانچە قېتىملىق كۆچۈش ئارقىلىق ۇاڭخې دەرياسىدىن ئۆتۈپ يىنغا، يەنى هازىرقى ېنەن ئۆلكىسى ئەنياڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شى-الىغا كۆچۈپ كەلگەن. شاڭ سۇلالىسى زاۋال تاپقاندىن كېيىن، ۇ جاي تەدرىجىي خارابىلىككە ئايلانغان، شۇڭا «يىن خارابىسى» ەپ ئاتالغان. يېقىنقى زاماندىن بۇيان، ئەنياڭ ئەتراپىدىن چىغ-اق – تارغاق، تۇچ قورال، ئورۇش قورالرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇم-ىرى كۆپلەپ تېپىلدى. بۇ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەم-ىسى يىن – شاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئىسپاتلىرى ھېسابلىنىدۇ.




خېنەن ئۆل-كىسى ئەنياڭ شەھىرىدىكى يىن خارابىلىكى يادى-كارلىقلىرىنىڭ تارقىلىشى خەرى-تىسى



ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى شاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى ئوردىسى

## يىن خارابىسى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى

يىن – شاڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى مەدەنىيەت خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقىغا تارقالغان بولۇپ، دائىرىسى كىچىكرەك بولغان. ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە تېز تەرەق-قىي قىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا قەدەر كېڭەي-گەن. زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، شاڭ سۇلال-سىمۇ كۆپ قېتىم پايتەختنى كۆچۈرۈپ، سىياسىي، ھەربىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزىنى قايتىدىن قۇرغان. شاڭ پادىشاھى ئەتراپىتكى بەگلىكلەرنىڭ ئورتاق خوجىسى بولغانلىقتىن، پايتەخت بۇيۈك شاڭ دەپ ئاتالغان، مەركىزىي شاڭ دەپمۇ ئاتالغان. ئەتراپى شەرقىي زېمىن، جەنۇبىي زېمىن، غەربىي زېمىن، شىمالىي زېمىنلارغا ئايرىلغان بولۇپ، بۇ تۆت تەرەپ دەپ ئاتالغان. بۇلار مەركىزىي شاڭ بىلەن قوشۇلۇپ بەش تەرەپ دەپ ئاتالغان. شۇڭا، مەركىزىي شاڭ پايتەخت جايلاشقان رايون بولۇپ، جۇغراپىيىلىك ئورنىدىن ئېيتقاندىمۇ مەركىزىي رايون ھېسابلانغان.

چىغىناققا چېكىلگەن ئەڭ بالدۇرقى خەنزۇچە خەتلەر



## چىغناق – تارغاق يېزىقى

شاڭ دەۋرىدە ئىشلىتىلگەن يېزىق، شۇنداقلا ھازىرغا قەدەر تېپىلغان ئەڭ بال-ۇرقى خەنزۇچە يېزىق. بۇ تەسۋىرىي يېزىقنى ئاساس قىلغان يېزىق بولۇپ، تاشپاقا ېپى ۋە ھايۋانات سۆڭىكىگە ئويۇپ يېزىلغان، شۇڭا چىغناق – تارغاق يېزىقى دەپ اتالغان. چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرلىرىدىن بۇرۇن بۇ چىغناق – تارغاقلار دورا ما-رىيالى دەپ قارىلىپ، «ئەجدىھا سۆڭىكى» دەپ ئاتالغان ھەمدە دورىخانىلاردا سېتىل-ان. كېيىن، يېزىقشۇناس ۋاڭ يىرۇڭ بۇنى بايقىغاندىن كېيىنلا، ئۇنىڭ قىممىتى ئاش-ىرىلانغان. ۋاڭ يىرۇڭ كۆپلىگەن چىغناق – تارغاقلارنى يىغىپ ساقلىغان، كېيىن بۇ ىغناق – تارغاقلار ليۇ ئې تەرىپىدىن رەتلىنىپ، «تيېيۈن ساقلىغان چىغناق – تار-اقلار» دېگەن نام بىلەن نەشر قىلىنغان. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، چىغناق – تارغاق يې-ىقى دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىدى. چىغناق – تارغاق يېزىقلىرى ئارقىلىق، ئارخېئو-ۇگلار يىن، شاڭ دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ئىسپاتلىدى، شۇڭا بىز ۇڭگونىڭ ئەڭ بالدۇرقى يازما خاتىرىلىك رىخى شاڭ سۇلالىسىدىن باشلانغان دەيمىز.

## تۇچ دەۋرى

جۇڭگو جەمئىيىتى يىن – شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، تاش قوراللار دەۋرىدىن تۇچ قوراللار دەۋرىگە قەدەم قويغان. تۇچتىن ياسالغان ھەر خىل داڭقان، ئۇچ پۇت-لۇق قازان، شارابدان قاتارلىقلار قىممەتلىك بۇيۇم سا-نالغان، يەنە تۇچتىن ھەر خىل قوراللار ياسالغان. دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقى-رىشىدا يەنىلا ياغاچ قوراللار بىلەن تاش قوراللار ئىشلىتىلگەن.



سىمۇۋۇ داڭقىنى

مەشھۇر سىمۇۋۇ چاسا داڭقىنى بۇ-گۈنگە قەدەر دۇنيادا تېپىلغان ئەڭ چوڭ قەدىمكى تۇچ بۇيۇم. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 133 سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى 166 سان-تىمېتىر، كەڭلىكى 79 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 875 كىلوگرام بولۇپ، بىر پۈتۈن ھالەتتە قۇيۇپ ياسالغان. ئۈستىگە مۇرەككەپ نەقىش ۋە داڭقان پۇتۇكلىرى چۈشۈرۈلگەن. بۇ داڭقان شاڭ دەۋرىدىكى تۇچ قۇيۇش تېخنىكىسىنىڭ يۇكسەك سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.



يىرتقۇچ ھايۋان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن داڭقان

شەنشى ئۆلكىسىدىن تېپىلغان شاڭ دەۋرىدە-كى يىرتقۇچ ھايۋان سۈ-رىتى چۈشۈرۈلگەن داڭقان. داڭقان ئەڭ دەسلەپتە قازان – قو-مۇچ ئورنىدا، شاڭ سۇلا-لىسىدىن كېيىن كۆ-پىنچە مۇراسىم بۇيۇمى ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.



شارابدان

يىن – شاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىشىلەر ئارا-سىدا ھاراق – شاراب ئىچىش ئەۋج ئالغان. ھاراق – شاراب قاچىلىرىنىڭ خىللىرىمۇ ناھايىتى كۆپ، شارابدان شۇلارنىڭ بىر خىلى.





# ئەدەپ ـ يوسۇن دۆلتى ــ جۇ سۇلالىسى

جۇ مىللىتى ئەسلىدە خۇاشەن تېغىنىڭ غەربىدە ياشاپ كەلگەن بولۇپ، خۇ چىنىڭ ئەۋلادلىرى ئىد
ئۇلار چىشەن تېغىغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، قۇرغان دۆلىتىنىڭ نامىنى«جۇ» دەپ ئاتاپ، تەدرىجىي ت
رەققىي قىلىشقا باشلىدى. شاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى جۇ ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە، دۆلەتنى
2/3 قىسمىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. جۇ ۋېنۋاڭنىڭ تەييارلىق قىلىشى بىلەن، جۇ ۋۇۋاڭ ئاخىر شاڭ پا
شاھى جۇ ۋاڭنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، جۇ سۇلالىسىنى قۇرۇپ، خاۋجىڭنى پايتەخت قىل
بېكىتتى. تارىختا بۇ غەربىي جۇ سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. جۇ سۇلالىسى پاترىئارخاللىق ۋە سۇيۇرغاللىق ن
زۇمىنى يولغا قويۇپ، يېڭى ئەدەپ ـ يوسۇننى قوللىنىپ، گۈللەنگەن ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى.

## جۇ ۋېنۋاڭ



جۇ ۋېنۋاڭ

ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى قىسىپ تۇرۇپ، شاڭ پادىشاھىغا بەگلەرگە خاس هۆرمىتىنى بىلدۈرمەكتە.

جۇ ۋېنۋاڭنىڭ فامىلىسى جى، ئىسمى چاڭ، جۇ ۋاڭ ئۇنى سۇيۇرغال بەگلەرنىڭ هاكىمبېگى قىلىپ تەيىنلىگەندىن
كېيىن، جۇ بېگى دەپمۇ ئاتالغان. ئۇ جۇ ۋاڭنىڭ بىگۇناھ كىشىلەرنى خالىغانچە ئۆلتۈرگەنلىكىگە نارازىلىق بىلدۈرگەنلىكـ
تىن، يەتتە يىل قاماقتا ياتقان. قاماقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، تالانتلىق كىشىلەرنى كۆپلەپ توپلاپ، جياڭ شاڭ قاتارلىق
كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە، شاڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تەييارلىق قىلغان. ئۇ جۇ بەگلىكىنىڭ ئەتراپىدىكى كىچىك
بەگلىكلەرنى كەينى ـ كەينىدىن تىنچىتىپ، شاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاۋگېنى مۇھاسىرىگە ئالغان. ئۇ هايات چېغىدا
پادىشاھ دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، جۇ ۋۇۋاڭنىڭ شاڭ
سۇلالىسىنى يوقىتىشى ئۈچۈن ئاساس هازىرلاپ بەرگەن.



جۇ سۇلالىسى قانداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يىراق ياكى يېقىنـ
لىقىغا ئاساسلىنىپ هوقۇق ئورنىنى ۋە مىراسقا ۋارىسلىق قىلىش
هوقۇقىنى بېكىتتى. ئارمىيە ۋە جازا قانۇنىنى كۈچەيتىش بىلەن
بىللە، يېڭى ئەدەپ ـ يوسۇن تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، گۈللەنگەن
ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. جۇ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئەـ
دەپ ـ يوسۇن تەربىيىسى كېيىنكى دەۋرلەردىكى سۇلالىلەرنىڭ
ئىجتىمائىي غايىسىگە ئۆيغۇن ئەخلاق ئاساسىغا ئايلاندى.

جۇ ۋۇۋاڭ

## جۇ ۋۇۋاڭنىڭ جۇ سۇلالىسىنى قۇرۇشى

جۇ ۋۇۋاڭ جۇ ۋېنۋاڭنىڭ ئوغلى. ئۇ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، شاڭ سۇلالىسىنى يوقىتىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى هازىرلىنىپ بولغان بولسىمۇ، يەنە ئون يىل تەييارلىق قىلىپ، ئاخىر مۇيېدا جۇ ۋاڭ بىلەن هەل قىلغۇچ جەڭ قىلدى. ئەينى چاغدا شاڭ سۇلالىسى يىمىرىلىش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. هەل قىلغۇچ جەڭ باشلىنىشى بىلەنلا، جۇ ۋۇۋاڭ 300 جەڭ هارۋىسى، 3000 ئەزىمەتنى ئاتلاندۇرۇپ، جۇ ۋاڭغا شىددەتلىك هۇجۇم قىلدى. جۇ ۋاڭ تاقابىل تۇرالماي، ئوردىسىغا قېچىپ بېرىپ، لوتەي سۇپىسىدا ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ ئۆلۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن، يىن ـ شاڭ سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشتى.



غەربىي جۇ سۇلالىسىگە ئائىت هارۋا ـ ئات ئازگىلى

غەربىي جۇ دەۋرىدە جەڭ هارۋىسىنىڭ سانى هوقۇقىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. تەڭرىقۇتنىڭ 10 مىڭ هارۋىسى بار بولۇپ، «تۈمەن هارۋىلىق پادىشاھ» دەپ، بەگـ لىكلەرنىڭ 1000 هارۋىسى بار بولۇپ، «1000 هارۋىلىق بەگلىك» دەپ ئاتىلاتتى.




چېڭۋاڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، جۇ ۋۇۋاڭنىڭ
يەنە بىر ئىنىسى گۈەنشۇ جۇ گوڭغا تەختنى تارتىۋېلىش
قەستىدە بولماقتا دەپ تۆهمەت چاپلاپ، پىتنە ـ ئىغۋ
تارقىتىدۇ. يىن ـ شاڭ سۇلالىسىنىڭ پۇشتلىرىمـ
پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ توپىلاڭ كۆتۈردى. بۇ خىل
ئەهۋال ئاستىدا، جۇ گوڭ ئۆزى شەرققە يۈرۈش قىلىپ
توپىلاڭنى تىنچىتىش قارارىغا كەلدى هەمدە لويىنى
شەرقىي پايتەخت قىلىپ قۇردى. شەرققە يۈرۈش قىلىش
ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۇزاققىچە
تىنچ ئىدارە قىلىنىشى ئۈچۈن ئاساس هازىرلاپ بەردى.

## جۇگوڭنىڭ نايىبلىقى



جۇ گوڭ

ئوڭ قولى بىلەن تۆۋەنگە ساڭگىلىغان سول قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، جۇ چېڭۋاڭغا ۋەزىرلەرگە خاس سالام قىلماقتا.

جۇ گوڭ جۇ ۋۇۋاڭنىڭ ئىنىسى، ئىسمى دەن. جۇ ۋۇۋاڭ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ، ئوغلى چېڭۋاڭ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولغاچقا، ئوردىدىكى بارلىق هاكىمىيەت ئىشلىرىنى جۇ گوڭ بىر تەرەپ قىلغانىدى. بۇ مەزگىلدە، جۇ گوڭ باشتىن ـ ئاخىر ئومۇمنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتتى، ئىچكى ـ تاشقى توپىلاڭلارنى تىنچىتتى. يەنە سۇيۇرغال بەگلىكلەرگە ئايرىش تەدبىرىنى قوللىنىپ، سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇردى. ئۇ يەنە لويىنى شەرقىي پايتەخت قىلىپ قۇرۇپ، كەڭ شەرقىي قىسىم رايونلارنى تىزگىنلىدى، جۇ سۇلالىسى ئۈچۈن مۇكەممەل بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم بەرپا قىلدى. ئۇ ئالتە يىل نايىبلىق قىلىش ئارقىلىق، جۇ سۇلالىسىنى مۇقىم ۋە گۈللىنىش هالىتىگە كەلتۈرۈپ، ئاندىن كېيىن هوقۇقنى چېڭۋاڭغا ئۆتكۈزۈپ بەردى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





جۇ سۇلالىسىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ماتېرىياللىرى يىپەك، كەندىر، يۇڭ، تېرىدىن ئىبارەت تۆت خىل بولۇپ، كىشىلەر پەسىلنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ كىيىم كىيگەن.

جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى



تاشپاقا



ئاق يولۋاس



كۆك ئەجدىھا



ىل قۇشقاچ

## تۆت مەخلۇقات سۈرىتى

قەدىمكى كىشىلەر ئاسماننى شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالدىن ئىبارەت تۆت چوڭ بۆلەككە بۆلگەن، بۇ 28 يۇلتۇزلار تۈركۈمىنى ئىچىگە ئالغان. يەنە بۇ تۆت بۆلەكنى ئىلاھىي كۈچكە ئىگە تۆت خىل ھايۋان دەپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، كۈن، ئاي، يۇلتۇزلار ھەرىكىتىنى كۆزىتىش كوئوردىناتى قىلغان. تۆت خىل ھايۋان ئوخشىمىغان رەڭلەردە بولۇپ، شەرق تەرەپ كۆك ئەجدىھا، كۆك رەڭلىك؛ غەرب تەرەپ ئاق يولۋاس، ئاق رەڭلىك؛ جەنۇب تەرەپ قىزىل قۇشقاچ، قىزىل رەڭلىك؛ شىمال تەرەپ تاشپاقا، قارا رەڭلىك بولغان.

## توققۇز داڭقان تۈزۈمى

جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەپ ـ يوسۇن تۈزۈمىگە ئاساسلانغاندا، نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزگەندە ياكى دەپنە مۇراسىملىرىدا ئىشلىتىلىدىغان ئەدەپ ـ يوسۇن بۇيۇملىرى جەزمەن دەرىجىگە قاراپ تەرتىپ بويىچە تىزىلىشى تەلەپ قىلىنغان. بۇ قاتار داڭقان تۈزۈمى دەپ ئاتالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، جۇ سۇلالىسى كىشىلىرى مۇراسىم ئۆتكۈزگەندە، تەڭرىقۇت توققۇز داڭقان، بەگلەر يەتتە داڭقان، تۆرىلەر بەش داڭقان، چوڭ ئەمەلدارلار ئۈچ داڭقان تىزغان. زىيايەت ئۆتكۈزگەندە، تەڭرىقۇت 12 داڭقان، بەگلەر توققۇز داڭقان تىزغان.



چاسا شەكىلدە راۋۇرۇس سېلىنغان ھويلا ـ ساراي قۇرۇلۇشى جۇ سۇلالىسى بىناكارلىقىنىڭ ئاساسلىق پاسونى، شۇنداقلا ئەدەپ ـ يوسۇن تۈزۈمىنىڭ بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

قاتار داڭقان تۈزۈمى



## ئەدەپ ـ يوسۇن، نەغمە ـ ناۋا تۈزۈمى

جۇ سۇلالىسى دەۋرىدىكى تۇچ بۇيۇملار ئىچىدە نۇرغۇن قوڭغۇراق، چوڭ قوڭغۇراق قاتارلىق مۇزىكا بۇيۇملىرى بار. قاتار داڭقان تۈزۈمىگە ئوخشاشلا، جۇ سۇلالىسى ئاقسۆڭەكلىرى مۇزىكا بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەندە جەزمەن دەرىجە تۈزۈمىگە بويسۇنۇشى تەلەپ قىلىنغان. تەڭرىقۇت تۆت تىزىق قوڭغۇراق ئىشلەتكەن، بەگلەر ئۈچ تىزىق قوڭغۇراق، تۆرىلەر ئىككى تىزىق قوڭغۇراق، ئەمەلدارلار بىر تىزىق قوڭغۇراق ئىشلەتكەن. ئەمنىيە دەۋرىگە كەلگەندە، پادىشاھ جەمەتىنىڭ تەسىرى ئاجىزلاپ، بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەر مۇزىكا بۇيۇملىرىنى ئىشلەتكەندە بەلگىلىمىدىن ھالقىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بارلىققا كەلگەن. مانا بۇ كۇڭزى ئېيتقان «ئەدەپ ـ يوسۇن ۋە نەغمە ـ ناۋانىڭ بۇزۇلۇشى».

ئاجايىپ تىزما قوڭغۇراقلار





# كۇڭزىنىڭ ئەمنىيىنى تۈزىشى

غەربىي جۇ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، جۇ پىڭۋاڭ خەتەردىن پاناھلىنىش ئۈچۈن، پايتەختنى لويىغا كۆچۈردى، شۇنىڭ بىلەن شەرقىي جۇ سۇلالىسى دەۋرى باشلاندى. بىراق، بۇ چاغدا دۆلەت كۈچى ئاجىزلاپ، ھەرقايسى سۇيۇرغال بەگلىكلەر كەينى - كەينىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۆز ئارا ھاكىمبەگلىك تالاشتى. ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چى خۇەنگوڭ، سۇڭ شياڭگوڭ، جىن ۋېنگوڭ، چىن موگوڭ، جۇ جۇاڭۋاڭدىن ئىبارەت بەش ھاكىمبەگ چىقىپ، تارىختا «ئەمنىيە دەۋرىدىكى بەش ھاكىمبەگ» دەپ ئاتالدى. ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش ئىدېئولوگىيە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئەمنىيە دەۋرىدە، كۇڭزى ۋە لاۋزىدىن ئىبارەت ئىككى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر مەيدانغا كەلدى.





كۇڭزى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 551 ~ 497 - يىللار)

## كۇڭزى

كۇڭزىنىڭ ئىسمى چيۇ، تەخەللۇسى جۇڭنى، لۇ بەگلىكىدىن. ياش ۋاقتىدا ئۇ پەقەت كىچىك ئەمەلدار بولۇپ باققان، 50 ياشتىن ئاشقاندىلا، لۇ بەگلىكىنىڭ زىندانبېگى بولغان، ئەمما سىياسىي نۇقتىئىنەزەر جەھەتتە كېلىشەلمىگەنلىكتىن، ناھايىتى تېزلا لۇ بەگلىكىدىن كېتىپ قالغان. ئەينى مەزگىلدە دۆلەت ئىچىدە ئەدەپ - يوسۇن بۇزۇلۇپ، سۇيۇرغال بەگلەر تەڭرىقۇتتىن ئۈستۈن ئورۇنغا چىقىپ، تۆرىلەر بەگلەردىن كۈچىيىپ كەتكەنىدى. بۇ خىل ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، كۇڭزى ھەرقايسى بەگلىكلەرنى كېزىپ، جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەپ - يوسۇنلىرىنى يولغا قويۇشنى تەرغىب قىلغان، لېكىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. لۇ بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مەكتەپ ئېچىپ، شاگىرت تەربىيىلەش يولى بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي غايىسىنى داۋاملىق تارقىتىپ، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە مائارىپچىغا ئايلانغان.




## كۇڭزىنىڭ لاۋزى بىلەن كۆرۈشۈشى

لاۋزى چۇ بەگلىكىدىن بولۇپ، لاۋدەن دەپمۇ ئاتىلىدۇ. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئىسمى لى ئېر ئىكەن. لاۋزى ۋە كۇڭزى ئىككىسىلا يىن - شاڭ سۇلالىسى كىشىلىرىنىڭ ئەۋلادلىرى بولسىمۇ، لېكىن كۇڭزى كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، لاۋزى تەرىقەتچىلەر ئېقىمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى بولۇپ، ئىدىيىلىرى تامامەن ئوخشاشمايدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۇڭزى 34 يېشىدا لاۋزىدىن جۇ سۇلالىسىنىڭ ئەدەپ - يوسۇنلىرىنى ئۆگەنگەن. لاۋزىنىڭ تەشەببۇسلىرىنى كېيىن ئۇنىڭ شاگىرتلىرى رەتلەپ، «تويىنىزىم قەسىدىلىرى» دېگەن كىتابنى تۈزۈپ چىققان. بۇ كىتابنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى — «لاۋزى».



كۇڭزىنىڭ لاۋزى بىلەن كۆرۈشۈشى

## قايتىپ كېلىپ نەزمنامە، نەسرنامىلەرنى تۈزۈش

كۇڭزى بەگلىكلەرنى كېزىش سەپىرىنى ئاياغلاشتۇرۇپ لۇ بەگلىكىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىنى مائارىپ ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا قاراتقان. شاگىرتلارغا دەرس ئۆتكەندىن باشقا، قەدىمكى يازما يادىكارلىقلارنى توپلاپ ۋە رەتلەپ، دەرسلىك ئورنىدا ئىشلەتكەن. ئۇ قەدىمكى زاماندىكى «نەزمنامە»، «نەسرنامە»، «يوسۇننامە»، «پالنامە»، «نەغمىنامە»، «ئەمنىيە يىلنامە»دىن ئىبارەت ئالتە خىل دەستۇرنى تۈزىتىپ، باشقىدىن ئىشلەپ چىقىپ ۋە رەتلەپ، كۇڭزى تەلىماتىنىڭ «ئالتە خىل ھۈنەر» دەرسلىكى قىلغان. كېيىن، بۇ ئالتە خىل كىتاب كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرىغا ئايلىنىپ، «ئالتە دەستۇر» قىلىپ بېكىتىلگەن. كۇڭزىنىڭ سۆز - سۆھبەتلىرىنى شاگىرتلىرى رەتلەپ تۈزۈپ چىققان «مۇھاكىمە ۋە بايان» دېگەن كىتاب بۈگۈنگە قەدەر تارقىلىپ كەلگەن.



كۇڭزىنىڭ قايتىپ كېلىپ نەزمنامە، نەسرنامىلەرنى تۈزۈشى




كۇڭزىدىنىڭ 3000 شاگىرتى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە مەشھۇرلىرى 72 نەپەر.

## خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىش

ئەمىنىيە دەۋرىدە مەكتەپلەر يېزا مەكتىپى ۋە ھۆكۈمەت ـەكتىپى دەپ ئايرىلاتتى. يېزا مەكتەپلىرى ئاددىي پۇقرالارنىڭ ـەكتىپى بولۇپ، كۈندىلىك قائىدە ـ يوسۇنلاردىن دەرس بېـ ـلەتتى. ھۆكۈمەت مەكتىپى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مەكتىپى، ئۇ ـڭدا نەزمىنامە، نەسرنامە، يوسۇننامە، نەغمىنامىدىن ئىبارەت ـت خىل دەرس تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئەمەلدار بولۇشتا ـازىرلاشقا تېگىشلىك بىلىملەردىن دەرس بېرىلەتتى. كۇڭزى ـچقان مەكتەپ يېزا مەكتىپىمۇ، ھۆكۈمەت مەكتىپىمۇ ئەمەس ـدى. ئۇ «ئالتە خىل ھۈنەر»دىن دەرس بېرىشتە نەزمىنامە، نەسرنامە، يوسۇننامە، نەغـ ـمىنامە ئاساس قىلىنغان بولۇپ، «مەرىپەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولۇشنى، ھەممە ـدەمنىڭ تەربىيىلىنىش پۇرستى بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، شاگىرتلىرىنى مۇس ـەقىل پىكىر قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، ئادەمنى ئەھۋالىغا قاراپ تەربىيىلەشنى يولغا قويدى ھەمدە شۇ ئارقىلىق خۇسۇسىي مەكتەپ ئېچىش ـنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتتى. كۇڭزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شاگىرتلىرى ئۇنىڭ تەلىماتىنى داۋاملىق تەرغىب قىلدى ھەمدە كۇڭزىچىلار ئىلـ ـمي ئېقىمىنى شەكىللەندۈردى، كۇڭزى كۇڭزىچىلار ئېقىمىنىڭ ئاساس سالغۇچىسىغا ئايلاندى.

## كۇڭزىنىڭ بەگلىكلەرنى كېزىشى




مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 497 ـ يىلى، كۇڭزى 54 ياش چېغىدا، جۇ سۇلالىسىنىڭ تەرتىپىنى ئەسلـ ـگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن، ھەرقايسى بەگلىكلەرگە بېرىپ، رەھىمدىللىق بىلەن سىياسەت يۈرگۈزۈشنى، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ «ئۆزىنى تۇتۇپ، ئەدەپكە قايتىش»نى، رەھىمدىللىق، ئەخلاق ۋە ئەدەپ ـ يوسۇن بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى تەرغىب قىلدى. مانا بۇ كۇڭزىنىڭ بەگلىكلەرنى كېزىشى ھەققىدىكى مەشھۇر ھېكايە. لېكىن، ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرى ئۇنىڭ تەشەببۇسلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. كۇڭزى ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرى 14 يىل جەريانىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋېي، ساۋ، سۇڭ، جېڭ، چېن، سەي قاتارلىق بەگلىكلەرگە بېرىپ، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىي، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كۆپ قىسىم رايونلارنى كېزىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، رەھىمدىللىق بىلەن ئەلنى ئىدارە قىلىش تەشەببۇسىنى يولغا قويىدىغان بىرەرمۇ بەگ چىقمىدى. ئۇ 68 يېشىدا بەگلىكلەرنى كېزىش مۇساپىسىنى نائىلاج ئاياغلاشتۇرۇپ، جۇ بەگلىكىگە قايتىپ كەلدى.



مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن نامەلۇم بىر كىشى سىزغان «ئەۋلىيانىڭ ئىزلىرى رەسىمى»دە، كۇڭزىنىڭ چى بەگلىكىگە بارغانلىقى توغرىسىدىكى ھېكايە تەسۋىرلەنگەن. كۇڭزى چى بەگلىكىگە بېرىشى بىلەنلا، چى جىڭگۇڭنىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشكەن، ئەمما يەن يىڭ قاتارلىقلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىغان. نەتىجىدە، كۇڭزى نائىلاج كېتىپ قالغان.



بەگلىكلەرنى كېزىش

# يېغىلىق دەۋرىدە چىققان داڭدار شەخسلەر



ئەمىنىيە دەۋرىدىن كېيىنكى يېغىلىق دەۋرى (مىلا-دىيەدىن بۇرۇنقى 475 ~ 221 ـ يىللار) جۇڭگودا تالانت-لىق كىشىلەر ئارقا ـ ئارقىدىن بارلىققا كەلگەن، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراشقان دەۋر. ئەينى مەزگىلدىكى يەتتە كۈچلۈك بەگلىك (چىن، چۇ، چى، يەن، خەن، جاۋ، ۋېي)نىڭ ھەممىسىلا جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت يۈكسەك ئىرادىگە ئىگە ئىدى. ھەرقايسى بەگلىكلەرنىڭ بەگلىرىنىڭ ھەممىسى قابىد-لىيەتلىك ئادەملەرنى ئۆز ئەتراپىغا توپلاپ، بەس ـ بەس بىلەن ئىسلاھات يۈر-گۈزۈپ، قۇدرەت تېپىشقا ئەھمىيەت بەردى؛ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىرادىلىك كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ۋەزخانلىق قىلىشتى؛ ھەرقايسى دانا بەگلەر-نى تاللاپ، ئۇلارغا ئۆز تەدبىرلىرىنى كۆرسەتتى. بۇ ئارقىلىق كۆپلىگەن داڭلىق مۇتەپەككۇرلەر، سىياسىيونلار ۋە ھەربىي ئالىملار مەيدانغا كېلىپ، ئىدىيە ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى.



مېڭزىنىڭ ئىسمى كې، لۇ بەگلىكىدىكى ئاقسۆڭەك ئەۋلادى. ئۇ كۇڭزى ئىدىيىسىنى بىۋاسى-تە تارقاتقۇچى بولۇپ، رەھىمدىل-لىك سىياسىتى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلاتتى. كۇڭزىچىلار ئېقىمى ئىچىدە ئۇ كۇڭزىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرغانلىقتىن، «ئىك-كىنچى ئەۋلىيا» دەپ نام ئالغان. «مېڭزى» دېگەن كىتابتا مېڭزى-نىڭ سۆز ـ سۆھبەتلىرى ۋە ئى-دىيىسى بايان قىلىنغان بولغاچ-قا، بۇ كىتاب كۇڭزىچىلار ئېقى-مىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرى بولغان «تۆت كىتاب»نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، كۇڭزىچىلار ئىدىيىسى «كۇڭزى ـ مېڭزى تەرىقىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مېڭزى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 372~289 ـ يىللار)




## ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش

يېغىلىق دەۋرى جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ بۇرۇلۇش دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. ئەينى مەزگىلدە جۇ سۇلالىسىنىڭ سىياسىي تۈزۈمى يىمىرىلىپ، ئەنئەنىۋى ئىدىيە ۋە ئەخلاق ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى. ھەرقايسى سۈيۈرغال بەگلىكلەر-نىڭ بەگلىرى ئۆزلىرىنى «تەڭرىقۇت» ئورنىغا قويۇپ، ھا-كىمبەگلىكنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئۇرۇناتتى؛ ئۆلىمالار ئۆز لىرىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تەرەپ ـ تەرەپكە بېرىپ ۋەزخانلىق قىلىپ، ئۆز قاراشلىرىنى تەر-غىب قىلىش جەريانىدا ئىلمىي ئېقىملار تەرەققىي قىلىپ مېڭزى، شۈنزى ۋەكىللىكىدىكى كۇڭزىچىلار ئېقىمى جۇاڭزى ۋەكىللىكىدىكى تەرىقەتچىلەر ئېقىمى، شاڭ ياڭ خەن فېيزى ۋەكىللىكىدىكى قانۇنچىلار ئېقىمى، سۇنزى سۇن بىڭ ۋەكىللىكىدىكى ھەربىي ئالىملار، موزى ۋەكى-لىكىدىكى موزىچىلار ۋە گۇڭسۇن لۇڭ قاتارلىق نامشۇ-ناسلار بارلىققا كەلدى. شۇڭا، تارىختا يېغىلىق دەۋرى ھەم-مە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش دەۋرى دەپ ئاتالدى.

## يېغىلىق دەۋرىدىكى ھەربىي كۈچلەر

«يېغىلىق دەۋرى» دېگەن بۇ ئاتالغۇدىنلا بەگلىكلەر ئوتتۇرىسىدا توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇ. ئەينى مەزگىلدە چىن، چۇ، چى، جاۋدىن ئىبارەت تۆت بەگلىكنىڭ ھەربىرىنىڭ 1 مىليوندىن ئارتۇق لەش-كىرى بار ئىدى. خەن، ۋېي، يەندىن ئىبارەت ئۈچ بەگلىك كىچىكرەك بولسىمۇ، ھەربىرىنىڭ 600 مىڭدىن ئارتۇق لەشكىرى بار ئىدى. ئۇرۇش ئېھتىياجى سەۋە-بىدىن، تۆمۈردىن ياسالغان ئۇرۇش قوراللىرى تۇچ قوراللارنىڭ ئورنىنى ئىگىلى-گەنىدى. يەنە ئۇرۇش ھارۋىسى بىلەن ئۇرۇش كېمىلىرىمۇ بارلىققا كەلگەنىدى.



شۈنزى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 313 - 238 ـ يىللار)



موزىنىڭ ئىسمى دى، لۇ بەگلىكىدىن، ئۇ موزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى. موزىچىلار باراۋەرلىك-نى، كۆيۈمچانلىقنى ۋە تېجەشلىك بولۇشنى قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى ئىشقا قويۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، يېقىنلى-رىنى تاللاپ ئىشلىتىشكە قارشى تۇرىدۇ، شۇڭا ئۇ ئەينى مەزگىلدە ئاددىي پۇقرالار ئىدىيىسىگە ۋەكىللىك قىلغان.

موزى (تەخمى-نەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 480 ~ 420 ـ يىللار)



شۈنزىنىڭ ئىسمى كۇاڭ، جاۋ بەگلىكىدىن. ئۇ يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى كۇڭزىچىلار ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم ۋەكىلى. ئۇ كۇڭزىغا چوقۇناتتى، لېكىن مېڭزىغا قارشى تۇراتتى، ھۆكۈمرانلىق بى-لەن زوراۋانلىققا تەڭ ئەھمىيەت بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەمىشە رەھىمدىللىك سىياسىتى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشقا قارشى تۇراتتى.

جۇاڭزى (تەخمىنەن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 368~289 ـ يىللار)

جۇاڭزىنىڭ ئىسمى جۇ، سۇڭ بەگلىكىدىن. ئۇ لاۋزىنىڭ ئىدىيـ-سىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تە-رەققىي قىلدۇرغان، ئۇنىڭ تەرىقەت-چىلەر ئېقىمىدىكى ئورنى مېڭزىنىڭ كۇڭزىچىلار ئېقىمىدىكى ئورنى بى-لەن باراۋەر، شۇڭا تەرىقەتچىلەر ئى-دىيىسى «لاۋزى ـ جۇاڭزى پەلسە-پىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## ئۇزۇنسىغا ئىتتىپاق تۈزۈش ۋە توغرىسىغا بىرلىشىش

يېغىلىق دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئا-خىرقى مەزگىللىرىدە، چىن بەگلىكىنىڭ تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئېشىپ، ھەر-قايسى بەگلىكلەرگە تەھدىت پەيدا قىلدى. بۇنداق ۋەزىيەتتە، بەزىلەر ھەرقايسى بەگلىكلەر بىلەن بىرلىشىپ چىن بەگلىكىگە ئورتاق قارشى تۇرماقچى بولدى. بۇ «ئۇزۇنسىغا ئىتتىپاق تۈزۈش» دەپ ئاتالدى. سۇ چىن ئەينى مەزگىلدە يەن، جاۋ، خەن، ۋېي، چى، چۇدىن ئىبارەت ئالتە بەگلىكنى ئۇ-زۇنسىغا ئىتتىپاق تۈزۈش ئەھدىنامىسىنى ئىمزالاشقا قايىل قىلدى، ئۆزى بۇ ئىت-تىپاقنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى ھەمدە ئالتە بەگلىكنىڭ ۋەزىرلىك مۆھۆرىنى يې-نىغا ئېسىپ، چىن بەگلىكى قوشۇنلىرىنى شەرققە يۈرۈش قىلىشقا پېتىنالمايدىغان قىلىپ قويدى. ئەينى مەزگىلدە، يەنە بەزىلەر شەرقتىكى ھەرقايسى بەگلىكنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چىن بەگلىكى بىلەن شەرقتىن غەربكە سوزۇلغان ئىتتىپاق تۈزۈشكە دەۋەت قىلدى، بۇ «توغرىسىغا بىرلىشىش» دەپ ئاتالدى. جاڭ يى چۇ ۋە خەن بەگلىك-لىرى بىلەن چىن بەگلىكىنى توغرىسىغا بىرلەشتۈرۈش پىلانىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىلىق، ئۇزۇنسىغا ئىتتىپاق تۈزۈش ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ، چىن بەگلىكى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپ، سۈيۈرغاللىق يەر ۋە مەرتىۋىگە ئېرىشتى.



سۇ چىن (؟ ~ مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 321 ـ يىلى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





## يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋەزىيەت

ئەمىنىيە دەۋرىدىكى قوشۇۋېلىش ئۇرۇشلىرى ئارقىلىق، يېغىلىق دەۋرىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىغا كەلگەندە، بۇرۇنقى 100دىن ئارتۇق سۇيۇرغال بەگلىكتىن ئون نەچچىسىلا قالدى. بۇنىڭ ئىچىدە چى، چۇ، يەن، خەن، جاۋ، ۋېي، چىندىن ئىبارەت يەتتىسىلا چوڭ بەگلىك بولۇپ، يەتتە كۈچلۈك بەگلىك بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەنىدى. ئەينى ۋاقىتتا، چىن بەگلىكى گۈەنجۇڭ رايونىنى، يەن، جاۋ بەگلىكلىرى شىمالىي تەرەپنى، چى بەگلىكى جياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى، ۋېي، خەن بەگلىكلىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى مەركىزىي رايونلارنى، چۇ بەگلىكى بولسا خۇنەن، خۇبېي ئەتراپلىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

## شاڭ ياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى



شاڭ ياڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 390 ~ 338 ـ يىللار)

شاڭ ياڭنىڭ فامىلىسى گۇڭسۇن، يېغىلىق دەۋرىدىكى ۋېي بەگلىكىدىن. چىن شياۋگۇڭ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە چىن بەگلىكىگە كېلىپ، چىن شياۋگۇڭنى قانۇن ئۆزگەرتىشنى يولغا قويۇشقا قايىل قىلغان. چىن شياۋگۇڭ تەختتە ئولتۇرۇپ 5 ـ يىلى قانۇن ئۆزگەرتىش رەسمىي يولغا قويۇلغان. شاڭ ياڭ قانۇن ئۆزگەرتىشنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: كونا تۈزۈملەرنى بىكار قىلىپ، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش؛ تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلار ۋە ئۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەنلەرنى مۇكاپاتلاش؛ ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇپ، يېڭى سىياسىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش. شاڭ ياڭنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشى يېغىلىق دەۋرىدىكى تۈرلۈك ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە تەسىرى ئەڭ چوڭ بولغان بىر قېتىملىق ئۆزگىرىش. شاڭ ياڭ چىن بەگلىكىدە ئون يىل ۋەزىر بولۇش جەريانىدا، چىن بەگلىكىنى تەرتىپكە سېلىپ، بەگلىك كۈچلۈك، خەلقى باياشات ھالەتكە كەلتۈرۈپ، كېيىن ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس ھازىرلاپ بەردى.



خەن فېي (تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 280 ~ 233 ـ يىللار)

خەن فېي خەن بەگلىكىدىن، قانۇنچىلار ئىدىيىسىنى ۋايىغا يەتكۈزگۈچى. ئۇ شاڭ ياڭنىڭ «قانۇنى»، شېن بۇخەينىڭ «ئۇسۇلى» ۋە شېنداۋنىڭ «ھوقۇق»نى بىرلەشتۈرۈپ، پادىشاھنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىدىكى بىر يۈرۈش مۇكەممەل نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ 20 جىلدلىق «خەن فېيزى»ناملىق كىتابنى يازغان.

## جىڭ كېنىڭ چىن بېگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى

يېغىلىق دەۋرىدە كۆپلىگەن ئەلكېزەر پالۋانلار ئۆتكەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا تەڭداشسىز ماھارەت ئىگىلىرى بولۇپ، ۋەدىگە ۋاپا قىلىشنى مۇقەددەس بىلىپ، ھايات ـ ماماتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. جىڭ كې ئەينى زاماندىكى ئەڭ مەشھۇر ئەلكېزەر پالۋان ئىدى. ئۇ يەن بەگلىكىنى چىن بەگلىكىنىڭ يۇتۇۋېلىشىدىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يەن بەگلىكىنىڭ بەگزادىسى دەننىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلىپ، چىن بېگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. ئۇ قىممەت باھالىق خەرىتىنى تەقدىم قىلىش نامى بىلەن، خەنجەرنى خەرىتىنىڭ ئارىسىغا يوشۇرۇپ، چىن بەگلىكىگە كېلىدۇ. چىن بېگى خەرىتىنى كۆرمەكچى بولغان چاغدا خەنجەر ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ. جىڭ كې ئېتىلىپ بېرىپ، چىن بېگىگە خەنجەر ئۇرىدۇ، لېكىن چىن بېگى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قۇتۇلۇپ قالىدۇ. جىڭ كې بىرقانچە قېتىم خەنجەر ئۇرغان بولسىمۇ تەگكۈزەلمەيدۇ، ئەكسىچە چىن بېگى ئۇنىڭ بىر پۇتىنى كېسىپ تاشلايدۇ. ئۇ ئىشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، مەردانىلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۆلىدۇ.



جىڭ كېنىڭ چىن بېگىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقى



# ئۇلۇغ بىرلىكنى ئىشقا ئاشۇرغان چىن سۇلالىسى

يېغىلىق دەۋرىدىكى كۈچلۈك بەگلىكلەرنىڭ بۆلۈنمىچىلىك ۋە ھاكىمبەگلىك تالىشىش ئۇرۇشلى-
ئارقىلىق، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 230 - يىلىدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 221 - يىلىغىچە چىن بەگلى
ئالتە بەگلىكنى يوقىتىپ، چىن سۇلالىسىنى قۇردى. چىن بەگلىكىنىڭ بېگى يىڭ جېڭ ئۆزىنى «تۇنج
پادىشاھ» دەپ ئاتاپ، ئېلىمىز تارىخىدىكى تۇنجى پادىشاھقا ئايلاندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، يېغىلىق دەۋ
ئاياغلىشىپ، جۇڭگو ھەقىقىي بىرلىككە قەدەم قويدى. كېيىن، چىن شىخۇاڭ يەنە جەنۇبتىكى يۆلەر ئۇ
تىگە يۈرۈش قىلدى، شىمالدا ھونلار بىلەن ئۇرۇش قىلدى؛ سەددىچىن سېپىلىنى ياسىتىپ، دۆلەت مۇ
پىئە سېپىنى كۈچەيتتى؛ دۆلەت يولى ياساپ، ئەمر - پەرمانلارنىڭ راۋان يەتكۈزۈلۈشىنى كاپالەتلەندۈرد
بۇ تەدبىرلەر بىلەن ئەينى مەزگىلدىكى جۇڭگو مىسلىسىز كۈچەيدى.

يېغىلىق دەۋرىدە يەتتە بەگلىك ئىشلەتكەن يېزىقلار چىن سۇلالى-
سىنىڭ شياۋجۇەن يېزىقى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى.




چىن سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈر-
گەندىن كېيىنكى «ئات» دېگەن خەت

1980 - يىلى چىن شىخۇاڭ قەبرىسى-
نىڭ غەربىي تەرىپىدىن تېپىلغان تۇچ-
تىن ياسالغان ئات ۋە هارۋىنىڭ ئۇزۇنلۇ-
قى ھەم كەڭلىكى ھەقىقىي ئات ۋە ھارۋى-
نىڭ تەخمىنەن ئىككىدىن بىرىگە توغرا
كېلىدۇ، ئېغىرلىقى 1.2 توننا. ھارۋىنىڭ
ياسىلىشىدىكى ھۈنەر - سەنئەتنىڭ نە-
پىسلىكى جاھەتتە دۇنيا قۇيمىچىلىق تا-
رىخىدىكى بىر مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.



كۈرە

چىن سۇلالىسىنىڭ جىڭ
تېشى، هازىرقى تارازا تې-
شىغا توغرا كېلىدۇ.



## چىن شىخۇاڭ

چىن شىخۇاڭنىڭ فامىلىسى يىڭ، ئىسمى جېڭ. ئۇ بەگلىككە ۋارىسلىق قىلغان چېغىدا ئەمدىلا 13 ياشقا كىرگەن بولغاچقا، ئوردى-دىكى سىياسىي ئىشلارنى باش ۋەزىر لۈي بۇۋېي خا-لىغانچە بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. ھەرەمئاغىسى لاۋئەيمۇ خان ئانىسى بىلەن بولغان يېقىنچىلىقىدىن پايدىلىنىپ، سىياسىي ئىشلارغا ئارىلاشتى. يىڭ جېڭ 22 ياشقا كىرىپ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 238 - يىلى) ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن لاۋئەينى كۆزدىن يوقاتتى، ئىككىنچى يىلى لۈي بۇۋېينى مەز-سەپتىن قالدۇردى. ئۇ ھاكىمىيەتنى مۇ-قىملاشتۇرغاندىن كېيىن، چىن بەگلىكىنىڭ قۇدرەتلىك ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ، بىر-نەچچە يىل ئىچىدىلا ئالتە بەگلىكنى تىنچى-تىپ، بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت چوڭ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى.



چىن شىخۇاڭ (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى
259 ~ 210 - يىللار)



پۇلنى بىرلىككە كەلتۈرۈش (يېرىم سەر)

جاۋ بەگلى-
كىنىڭ پۇلى

خەن بەگلى-
كىنىڭ پۇلى

چىن بەگلى-
كىنىڭ پۇلى

چى بەگلى-
كىنىڭ پۇلى

بەگلىكلەرنىڭ پۇللىرى چىن بەگلىكىنى-
ئوتتۇرىسى چاسا تۆشۈكلۈك، يۇملاق شەكىلل
مىس پۇلى ئاساسىدا بىرلىككە كەلتۈرۈلدى. ب
خىل يېڭى شەكىللىك پۇل تاكى چىڭ سۇلالىس
دەۋرىگە قەدەر ئىشلىتىلدى.



چىن سۇلالىسى بىرلىك-
كە كەلتۈرگەندىن كې-
يىنكى كۈرە ۋە تارازا

تارازا

## 10 مىڭ چاقىرىملىق سەددىچىن سېپىلىنى ياساش

يېغىلىق دەۋرىدە، شىمالدىكى يەن، جاۋ، چىن بەگلىكلىرى دائىم ھونلارنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراپ تۇرغاچقا، ئۇلار ئۆز ئالدىغا سېپىل ياساپ مۇداپىئە كۆرگەنىدى. چىن شىخۇاڭ جاۋ بەگلىكىنى يوقىتىش ئارىلىقىدا، ھونلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، خۇاڭخې دەرياسى ۋادىسىدىكى خېتاۋ رايونى-نى بېسىۋالدى. كېيىن، چىن شىخۇاڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، مېڭ تيەن 300 مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ھونلارنى قوغلىۋەت-تى، يەنە كۆپلىگەن ئىشلەمچى خەلقنى توپلاپ، يەن، جاۋ ۋە چىن بەگلىك-لىرىنىڭ كونا سېپىللىرىنى تۇتاشتۇرۇپ، مەشھۇر سەددىچىن سېپىلىنى ياساپ چىقتى. سەددىچىن سېپىلى شەرقتە لياۋدۇڭدىن باشلىنىپ، غەربتە گەنسۇدىكى لىنتاۋغا تۇتىشىدۇ. ئۇ ئېلىمىز ئەمگەكچى خەلقىنىڭ قان - تەرى ۋە ئەقىل - پاراستىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۇرگەن.

www.uyghurkitap.com



## چىن سۇلالىسىنىڭ زاۋال تېپىشى

چىن شىخۇاڭ ئۆلگەندىن كېيىن، خۇ خەي تەختكە ۋارىسلىق قىلدى. ئۇ داۋاملىق ئىشلەمچى خەلقنى يىغىپ چېگرا ساقلاش ۋە ئورا ... ۇلۇشى ئىشلىرىغا سېلىپ، چىن سۇلالىسىنىڭ زوراۋانلىق سىياسىتىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 209 ـ يىلى، شە... لگەن نەچچە يۈز ئىشلەمچى يامغۇر يېغىپ كەتكەنلىكتىن، بەلگىلەنگەن مۇددەتتىن كېچىكىپ قالدى. چىن سۇلالىسىنىڭ قانۇنى بويىچە ئۆلۈ... مىسى ئۆلتۈرۈلەتتى. نەتىجىدە، چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭلارنىڭ باشلامچىلىقىدا، كۆپچىلىك بامبۇك خادىسىنى تۇغ قىـ... ب قوزغىلاڭ كۆتۈردى، شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو تارىخىدىكى تۇنجى قېتىملىق دېھقانلار قوزغىلىڭى ... لىدى. بۇ قوزغىلاڭ تېزلا مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى جايلاردىكى دېھقانلار ... نى ـ كەينىدىن قوزغالدى، بولۇپمۇ ليۇ باڭ ۋە شياڭ يۈنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى تېزدىن ... ايدى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 206 ـ يىلى، ليۇ باڭنىڭ قوشۇنى شەنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ ... دى، چىن سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىقى ئۈزۈل ـ كېسىل بەربات بولدى.



چېن شېڭ، ۋۇ گۇاڭ قوزغىلىڭى چىڭ سۇلالىسىنىڭ يىمىرىلىشىنى تېزلەتتى.




چىن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى شەنياڭ بولۇپ، چىن شىخۇاڭ ئۆزى ئۈچۈن بۇ يەرگە نەچچە چاقىرىمغا سوزۇلغان كۆپلىگەن ئوردا ـ سارايلارنى سالدۇرغانىدى.

## ئالتە بەگلىكنى بىرلىككە كەلتۈرۈش

چىن شىخۇاڭ ھاكىمىيەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، قانۇنچىلار ئېقىمىدىن بولغان لى سىنى باش ۋەزىرلىككە تەيىنلىدى. ئەينى مەزگىلدە چىن سۇلالىسى بىر مەھەل دەۋر سۈرۈپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلەپ بولغانىدى. لى سى ئالتە بەگلىكنى ئاستا ـ ئاستا يوقىتىۋېتىش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ، ئالتە بەگلىكنى تېز سۈرئەتتە بويسۇندۇرۇش تەكلىپىنى بەردى. ئۇ يىراقتىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، يېقىندىكىلەرگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق بىر ـ بىرلەپ يوقىتىش؛ پۇل ۋە مال ـ دۇنيا بىلەن سېتىۋېلىپ، قورال كۈچى بىلەن تەھدىت سېلىش؛ سىياسىي جەھەتتە ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سېلىپ، پۇرسەت كۈتۈپ، تېز جەڭ قىلىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويدى. چىن شىخۇاڭ لى سىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، خەن، جاۋ، ۋېي، چۇ، يەن، چى بەگلىكلىرىنى كەينى ـ كەينىدىن تىنچىتتى.

## چىن شىخۇاڭ قەبرىسى ۋە ئەسكەر، ئات ھەيكەللەر

چىن شىخۇاڭ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۆزى ئۈچۈن قەبرە ياسىتىشنىمۇ باشلىۋەتتى. ئۇ 700 مىڭدىن ئارتۇق خەلق ئىشچىسىنى ئىشلەتتى، 30 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىندى. ئارىدىن 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ، 1974 ـ يىلىغا كەلگەندە، كىشىلەر چىن شىخۇاڭ قەبرىسىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىن ناھايىتى چوڭ بىر ئەسكەر، ئات ھەيكەللەر ئازگىلىنى بايقىدى. كېيىن، يەنە كەينى ـ كەينىدىن ئىككىسى تېپىلىپ، 7000~8000دىن ئارتۇق ئەسكەر، ئات ھەيكىلى چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسى چىن شىخۇاڭنىڭ ھەمدەپنە بۇيۇملىرى ئىدى. بۇ ھەيكەللەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ھەقىقىي ئادەملەردىن ھېچقانچە پەرقلەنمەيدۇ، بەئەينى راست ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ. بۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئوبراز يارىتىش جەھەتتىكى يۈكسەك سەنئەت ماھارىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ



چىن سۇلالىسىنىڭ ئەسكەر، ئات ھەيكەللىرى

قەدىمكى قەبرە ئىچىگە نۇرغۇن قىممەت باھا مەدەنىيەت بۇيۇملىرى كۆمۈلگەن بولۇپ، بەزىلىرى دۇنيادا ئاز ئۇچرايدىغان قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ. چىن شىخۇاڭ قەبرىسىدىن چىققان ئەسكەر، ئات ھەيكەللىرى شۇلارنىڭ بىر ۋەكىلى بولۇپ، «دۇنيا بويىچە سەككىزىنچى چوڭ مۆجىزە» دەپ نام ئالدى.



1987 ـ يىلى چىن شىخۇاڭنىڭ قەبرىسى ۋە ئەسكەر، ئات ھەيكەللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ مائارىپ ـ پەن ـ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.



تۇچتىن ياسالغان ئات ۋە ھارۋا

## بىرلىككە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرى

چىن شىخۇاڭ ئالتە بەگلىكنى يوقاتقاندىن كېيىن، بىر قاتار بىرلىككە كەلتۈرۈش تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى. ئالدى بىلەن سۆيۈرغاللىق تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ۋىلايەت، ناھىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، دۆلەت ھوقۇقىنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈردى؛ يېزىقنى، قاتناشنى، قانۇننى، پۇلنى ۋە ئۆلچەم بىرلىكلىرىنى بىرلىككە كەلتۈردى، بىرلىككە كەلگەن شياۋجۇەن يېزىقىنى قوللىنىشنى بەلگىلىدى. بۇ ئارقىلىق ھەرقايسى رايونلارنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرى زور دەرىجىدە ئوڭايلاشتى. بىرلىككە كەلگەن يول ئۆلچىمىنى بەلگىلەپ، ھارۋىلارنىڭ ئىككى چاق ئارىلىقىنى بىر تۇتاش ئالتە چى قىلىپ بېكىتتى. سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، بىرلىككە كەلگەن پۇل، چى ـ سۇڭ، جىڭ ـ سەر ۋە شېڭ ـ كۇرە ئۆلچەملىرىنى بېكىتتى.





# خەن سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى

چىن سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، چۇ ـ خەن ئۇرۇشىدا ليۇباڭ شياڭ يۈ ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلى خەن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، شىئەننى پايتەخت قىلدى. تارىختا بۇ غەربىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. خەن سۇلالىسى دەسلەپكى مەزگىللەردە چىن سۇلالىسىنىڭ سىياسىي ۋە قانۇنلىرىنى، تۈزۈملىرىنى داۋاملىق قوللىنىپ، ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىش سىياسىتىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، ئىقتىسادىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. مىلادىيە 25 ـ يىلى، خەن گۇاڭۋۇدى ليۇ شيۇ لوياڭنى پايتەخت قىلدى، تارىختا بۇ شەرقىي خەن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. خەن دەۋرىدە پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئاساسىنى ھازىرلاپ بەردى.

## خەن گاۋزۇ ليۇباڭ



ليۇ باڭ

(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 256 ~ 195 ـ يىللار)

ليۇ باڭ چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بېيشيەن ناھىيىسىدىن. چىن سۇلالىسى دەۋرىدە 10 ئون بىر كەنت بولۇپ، ليۇ باڭ كەنت باشلىقى بولغان. چىن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى جەريانىدا، ئۇ شياڭ يۈ بىلەن شيەنياڭغا كىم بالدۇر ھۇجۇم قىلىپ كىرسە، شۇ پادىشاھ بولىدۇ، دەپ كېلىشىم تۈزۈشىدۇ. ئۇ شيەنياڭغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، ۋەزىيەتنى مۆلچەرلەپ بېقىپ، يەنە چېكىنىپ چىقىدۇ. چىن سۇلالىسى يىمىرىلگەندىن كېيىن، چۇ ـ خەن ئۇرۇشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ئۇ ئۇدا مەغلۇپ بولۇپ، ئۇسال ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. لېكىن، ئۇ ئادەم ئىشلىتىشكە ماھىر بولغانلىقتىن، شياۋخې، جاڭ لياڭ، خەن شىنلەرنىڭ ياردىمىدە، ئاخىر شياڭ يۈنى مەغلۇپ قىلىدۇ ھەمدە مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 202 ـ يىلى غەربىي خەن سۇلالىسىنى قۇرىدۇ.

## جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىقىشى



خەن ۋۇدىدىن ئىلگىرى، خەن سۇلالىسى چېگرىنىڭ
تىنچلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، شىمالدىكى ھونلارغا قارىتا قۇدىلـ
شىش سىياسىتىنى يولغا قويۇپ كەلگەنىدى. مىلادىيىدىن بـ
رۇنقى 33 ـ يىلى ھونلارنىڭ تەڭرىقۇتى قوغىشار چاڭئەنگ
كېلىپ، خەن سۇلالىسى بىلەن قۇدىلىشىشنى تەلەپ قىلـ
ۋاڭ جاۋجۈن خەن يۈەندىنىڭ ئوردا كېنىزىكى ئىدى. ئۇ تـ
شەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن ئايرىلىپ، قـ
غىشار تەڭرىقۇتقا ياتلىق بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ھونلار ئـ
لىگە بارغاندىن كېيىن، ئۇ ئىرىگە ئۇرۇش قوزغىماسلىـ
خەن سۇلالىسى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىسىدا نەسىـ
ھەت قىلدى ھەمدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتىنى
ھونلارغا تارقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 60 نەچچە يىل
جەريانىدا، ھونلار بىلەن خەن سۇلالىسى ئىناق ھەم
دوستانە بېرىش ـ كېلىش مۇناسىۋىتىنى ساقلىدى.

يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن رەسسام چيۇ يىڭنىڭ مەشھۇر رەسىمى «جاۋجۈننىڭ قورۇلدىن چىقىشى»

## خەن ۋۇدى



خەن ۋۇدى

(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 156 ـ 87 ـ يىللار)

مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 141 ـ يىلى، خەن ۋۇدى ليۇ چې تەختكە چىقتى. ئۇ كونا ئەنئەنىلەرگە ئېسىلىۋېلىشنى خالىماي، كۆپلىگەن ئىسلاھات تەدبىرىنى يولغا قويدى. بۇ تەدبىرلەر ئاساسلىقى: بەگلىكلەردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاجىزلىتىش، يەر قوشۇۋېلىش ئىشلىرىنى چەكلەش؛ زىيالىيلارنى سىياسىي ئىشلارغا قاتناشتۇرۇش. ئۇ يەنە جاڭ چيەننى غەربىي يۇرتقا ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ، يىپەك يولىنى ئاچتى. خەن ۋۇدى ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، جۇڭگونىڭ ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى ئومۇمیۈزلۈك تەرەققىي قىلىپ، 50 نەچچە يىللىق گۈللىنىش مەزگىلى بارلىققا كەلدى.

## شەرقىي خەن سۇلالىسى



خەن گۇاڭۋۇدى ليۇشيۇ

(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 6 ـ يىلدىن مىلادىيە 57 ـ يىلغىچە)

غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى، ۋاڭ ماڭ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، جەمئىيەتتە داۋالغۇش پەيدا قىلدى. لۈيلىنلىقلار، قىزىل قاشلىقلار قاتارلىق دېھقانلار قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ليۇ شۈەننى پادىشاھ قىلىپ، خەن سۇلالىسىنىڭ دۆلەت نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. خەن گۇاڭۋۇدى ليۇ شيۇ (خەن گاۋزۇنىڭ 9 ـ ئەۋلادى) ئەسلىدە ليۇ شۈەننىڭ يانداش سانغۇنى ئىدى. ئۇ ئەقىللىق ھەم باتۇر بولغاچقا، ۋاڭ ماڭ يوقىتىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى لىنىيىلەردىكى دېھقانلار قوشۇنلىرىنى باستۇردى. مىلادىيە 25 ـ يىلى، ئۇ جۇڭگونى قايتىدىن بىرلىككە كەلتۈرۈپ، لوياڭدا پادىشاھلىق تەختىگە چىقتى. تارىختا بۇ سۇلالە «شەرقىي خەن سۇلالىسى» دەپ ئاتالدى. ليۇ شيۇ پاك ـ ديانەتلىك بىلەن ھاكىمىيەت باشقۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، زوراۋان پومېشچىكلارغا زەربە بېرىپ، قىسقا ۋاقىتتىلا گۈللىنىش ۋەزىيىتىنى ياراتتى.

بۇ شتانگېنسىركول مۇقىم سىزغۇچ
ھەرىكەتچان سىزغۇچتىن تەركىب تاپقـ
بولۇپ، ھەرىكەتچان سىزغۇچنى يۇقىرىـ
تۆۋەن يۆتكەشكە بولىدۇ. مۇقىم سىزغـ
نىڭ ئۈستىگە ئىنتايىن نەپىس شەكىلا ئـ
يۇلغان. بۇ بۇگۈنگە قەدەر تېپىلغان دۇنـ
بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى شتانگېنسىركول ھـ
سابلىنىدۇ.



خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى مىس شتانگېنسىركول

www.uyghurkitap.com





خەن دەۋرىدە كالا بىلەن
تېرىقچىلىق قىلىش تېخ-
نىكىسى ئومۇملاشتى. بۇ
تېخنىكا ئوتتۇرا تۈزلەڭ-
لىكتىن پەيدىنپەي چاڭج-
ياڭ ۋە جۇجياڭ دەرياسى
ۋادىلىرىغىچە كېڭەيدى.

## خۇاڭخې دەرياسىنىڭ 800 يىل تىنچ ئېقىشى



قەدىمكى جۇڭگودا دېھقانچىلىق دۆلەتنىڭ ئاسا-
سى، سۇ ئىنشائاتى دېھقانچىلىقنىڭ جان تومۇرى ھې-
سابلىناتتى. خۇاڭخې دەرياسىنى تىزگىنلەش تارىختىن
بۇيان كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىپ كەلگەن مۇھىم
قۇرۇلۇش ئىدى. مىلادىيە 69 ـ، 70 ـ يىللىرى، شەر-
قىي خەن سۇلالىسىنىڭ سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى
ۋاڭ جىڭ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدا كەڭ
كۆلەملىك تىزگىنلەش قۇرۇلۇشى ئېلىپ باردى. ئۇ
خۇاڭخې دەرياسى بىلەن بيەنچۈي ئۆستىڭىنىڭ ئېقىند-
ىنى ئايرىۋەتتى. ئەسلىدىكى مۇداپىئە توسمىسىدىن پايدىلىنىپ، 1000 چاقىرىمدىن ئارتۇق
ئۇزۇنلۇقتا دەريانى مۇقىملاشتۇرۇش توسمىسىنى ياساتتى. شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كې-
يىنكى 800 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، خۇاڭخې دەرياسىنىڭ ئېقىنىدا چوڭ ئۆزگىرىش بول-
ماي، نىسبەتەن تىنچ ئېقىپ، سۇ ئىنشائاتى تارىخىدىكى بىر مۆجىزە بولۇپ قالدى.




1971 ـ يىلى شەن-
شى ئۆلكىسىنىڭ مىجى
ناھىيىسىدىن تېپىلغان
شەرقىي خەن دەۋرىد-
ىكى تاشقا ئويۇلغان كالا
بىلەن تېرىقچىلىق قى-
لىش رەسىمى

شەرقىي خەن دەۋرىدىكى
ساپال قۇدۇق مودېلى

## خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەن ـ تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت

غەربىي ۋە شەرقىي خەن دەۋرلىرى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان پەن ـ تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى
ئارلاق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەن دەۋر. سەي لۈن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى يېڭىلاپ ۋە مۇكەم-
مەللەشتۈرۈپ، قەغەزچىلىكنى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامانىدىكى تۆت چوڭ كەشپىياتنىڭ بىرىگە ئايلاند-
ۇردى. جاڭ خېڭ لايىھىلەپ ياسىغان سېيسموگراف (يەر تەۋرەشنى تەكشۈرۈش ئەسۋابى) دۇنيا بويىچە
يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئەسۋابى. جاڭ جۇڭجىڭنىڭ «ھەر خىل تەپ كېسەل-
لىكلىرى ھەققىدە» دېگەن كىتابى جۇڭگوچە داۋالاش ئىلمىنىڭ ئاساسىنى ھازىرلاپ بەردى؛ خۇا تو پۇ-
تۈن بەدەننى ھوشسىزلاندۇرۇپ ئوپېراتسىيە قىلىش ئۇسۇلىنى ئەڭ دەسلەپ قوللانغان تېۋىپ. «توققۇز
بابلىق ھېسابنامە»نىڭ بارلىققا كېلىشى جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ماتېماتىكا سىستېمىسىنىڭ شە-
كىللەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. سىما چيەننىڭ 500 مىڭ خەتلىك «تارىخىي خاتىرىلەر» جۇڭگو
تارىخىدىكى ئۇلۇغ تارىخشۇناسلىق ۋە ئەدەبىياتشۇناسلىق ئەسىرى.

بۇ ساپال قۇدۇق مودېلىدىكى قۇ-
دۇقنىڭ چوڭقۇرلۇقى 44.2 سانتىم-
ېتىر، كەڭلىكى 12.5 سانتىمېتىر
كېلىدۇ. بۇ 1954 ـ يىلى خېنەن
ئۆلكىسىنىڭ مويياڭ شەھىرىدىكى
شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى
يىللىرىغا ئائىت بىر قەبرىدىن تېپىلدى. مودېلىنىڭ
ئۈستى تەرىپىگە قۇدۇق توسمىسى ياسالغان، توسمىنىڭ
ئۈستىگە قۇدۇق جازىسى ئورنىتىلغان. قۇدۇق جازىس-
ىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى تومپىيىپ چىققان بولۇپ، ئۇ-
نىڭغا ئوقلۇق غالتەك بېكىتىلگەن بولىدۇ. بۇ مودېلدىن
ئېينى مەزگىلدە سۇ تارتىدىغان قوراللارنىڭ بىرقەدەر
يۇرۇشلەشكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.








جاۋگو خەن ۋۇدى زامانىسىدىكى يېزا ئىگ-
لىكىگە مەسئۇل تۇتۇقبەگ، ئۇ كەشىپ قىلغان
چاناق ئۇرۇق چېچىش ئۇسۇلىنى توغرىسىغا چې-
چىشتىن قۇر بويلاپ چېچىشقا ئۆزگەرتىپ، ئۇ-
رۇق چېچىش سۈپىتىنى ۋە سۈرئىتىنى
زور دەرىجىدە ئاشۇرغان.



جاڭ خېڭ

جاڭ خېڭ
شەرقىي خەن
دەۋرىدىكى
ئۇلۇغ ئاسترونومىيە ئالىـ
مى. ئۇ قەدىمكى ئاسترونومىيە
ئىلمىنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى
كۆزىتىش ئەسۋابىنى يېڭىلىغان.



ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن
سېيسموگراف



غەربىي خەن دەۋرىدىكى
مىس ئاقما سۇ سائىتى

## ئاقما سۇ سائىتى

قەدىمكى كىشىلەر ۋاقىتنى
وغرا خاتىرىلەش ئۈچۈن، بىر
ۇنلۇك ۋاقىتنى 100 بۆلەككە
ايرىغان، ھەربىر بۆلەكنى «چا-
ەك» دەپ ئاتىغان. غەربىي خەن دەۋرىگە
ەلگەندە ئاقما ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابىنى
ىشلىتىش تۈزۈمىگە ئايلانغان. ئاقما سۇ
سائىتىنىڭ قائىدىسى بويىچە، تۆشۈكى بار
ىر ئەسۋابقا سۇ قۇيۇلۇپ، سۇ ئورنى شىكا-
ىسىغا ئاساسەن ۋاقىت ھېسابلانغان. بۇ
خىل ئەسۋاب مىستىن ياسالغانلىقى ئۈچۈن،
مىس ئاقما سۇ سائىتى» دەپ ئاتالغان.

خەن سۇلالىسىنىڭ پادشاھ، بەگ، ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا قاشتاش يالپاقچى-
لىرىدىن كېپەنلىك كىيىم ياسىتىش مودىغا ئايلانغانىدى. بۇ خىل قاشتاش كى-
يىمنى چېتىشتۈرۈشتا ئىشلىتىلگەن يىپلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، زەر
يىپلىق قاشتاش كىيىمى، كۈمۈش يىپلىق قاشتاش كىيىمى، مىس يىپلىق قاش-
تاش كىيىمى دەپ ئايرىلغان. ئۇلار خەن دەۋرىدىكى يۇكسەك ھۈنەر ـ سەنئەت
سەۋىيىسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.



زەر يىپ بىلەن چېتىشتۈرۈل-
غان قاشتاش كىيىم

# ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر



مىلادىيە 220 ـ يىلى ساۋ پېي خەن شيەندىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ۋېي پادىشاھلىقىنى قۇرغاندىن تارتىپ، مىلادىيە 589 ـ يىلى سۇي سۇلالىسى چېن پادىشاھلىقىنى يوقاتقانغا قەدەر بولغان ئارىلىقتىكى 400 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۈچ پادىشاھلىق، ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرى دەپ ئاتالدۇ. بۇ مەزگىلدە ھاكىمىيەت كەينى ـ كەينىدىن ئالمىشىپ، ئوردىدىكى ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرەشلىرى كەسكىن ھەم دەھشەتلىك بولدى؛ شىمالدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ھونلار، سىيانپىيلار، كېشلار، دىلار، چياڭلاردىن ئىبارەت «بەش غۇز»لار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېسىپ كىرىپ، خەنزۇلار شىمالدىكى زېمىنلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. نەچچە يۈز يىللىق توقۇنۇشلار ۋە بېرىش ـ كېلىشلەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت خەلقى ئۆزئارا قوشۇلۇش جەريانىدا. تەدرىجىي بىر ـ بىرىنى ئېتىراپ قىلىش ۋەزىيىتى بارلىققا كەلدى.

ساۋ ساۋنىڭ تەخەللۇسى مېڭدې، شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى ھوقۇقلۇق ۋەزىر. ئۇ ئاجايىپ سىياسىي ۋاستىلىرى ۋە ھەربىي ئىشلار تالانتىغا تايىنىپ، ئەمەلىي كۈچىنى تېزدىن زورايتىپ «تەڭرىقۇت نامىدا بەگلەرگە بۇيرۇق چۈشۈرۈش» ئارقىلىق، شىمالىي رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن. چىبى ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن شىمالدىكى ھۆكۇمرانلىقىنى مۇستەھكەملەپ، ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ساۋ ساۋ يەنە داڭلىق شائىر ئىدى.



ساۋ ساۋ (155~220)



لىيۇ بېي (161~223)






سۈن چۈەن (182~252)

## چىبى ئۇرۇشى

مىلادىيە 208 ـ يىلى ساۋ ساۋ شىمالنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 200 نەچچە مىڭ كىشىلىك قوشۇننى باشلاپ جەنۇبقا يۈرۈش قىلدى. ئۇنىڭ قوشۇنى چاڭجياڭ ۋادىسىدىكى چىبى ئەتراپىغا كەلگەندە، سۈن چۈەن، لىيۇ بېيلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرىدى. پېشقەدەم سانغۇن خۇاڭ گەي يالغاندىن تەسلىم بولغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، كېمىلەرنىڭ ئىچىگە قۇرۇق ئوتۇننى تولدۇرۇپ قاچىلاپ، ساۋ ساۋنىڭ بارگاھىغا يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئوت قويىۋەتتى. شامالدا ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ساۋ ساۋنىڭ بارگاھى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندى. جۇ يۈ، گۈەن يۈلەر ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۆتتى، ساۋ ساۋ قوشۇنى قاتتىق مەغلۇپ بولۇپ، چاڭجياڭنىڭ شىمالىغا چېكىندى، مەشھۇر چىبى ئۇرۇشى دېگىنىمىز مانا مۇشۇ.

سۈن چۈەننىڭ تەخەللۇسى جۇڭمۇ، ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدىكى ۋۇ پادىشاھلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى. ئۇ جۇ يۈ، لۇ سۇ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ، چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئىبارەت تەبىئىي توسۇقتىن پايدىلىنىپ، ۋۇ پادىشاھلىقىنى قۇرغان. ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىكىلەرنى ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنى كېلىشتۈرۈپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى ئېگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرغان.

لىيۇ بېي خەن سۇلالىسى خان جەمەتىنىڭ كېيىنكى ئەۋلادى. ئۇ ئەنسىز زامانىنى تۈزەشكە ئىرادە باغلىغان، دانىشمەنلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان ئادەم ئىدى. جۇگې لياڭ، گۈەن يۈ، جاڭ فېي ۋە جاۋ يۈن قاتارلىق كىشىلەرنىڭ ياردىمىدە شۇ پادىشاھلىقىنى قۇرغان. كېيىنكى كىشىلەر ئۇنىڭ قابىلىيەتلىكلەرنى ھۆرمەتلەش ۋە قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇشتەك رەھبەرلىك تالانتىنى ئالاھىدە تەرىپلەپ كەلدى.

## دۆلەتنىڭ ئۈچكە بۆلۈنۈشى



جۇگې لياڭ (181~234)

مىلادىيە 196 ـ يىلى ساۋ ساۋ خەن شيەندىنى مەجبۇرىي شۈيجۇغا ئەكېلىپ، تەڭرىقۇت نامىدا پۈتۈن مەملىكەتكە بۇيرۇق چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ناھايىتى تېزلا شىمالنى تىنچىتتى. ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇ يەنە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا يۈرۈش قىلىپ چىبىدا سۈن چۈەن، لىيۇ بېيلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدى، ئاقىۋەتتە ئوت ھۇجۇمىدا مەغلۇپ بولۇپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىغا چېكىندى. 220 ـ يىلى ساۋ ساۋنىڭ ئوغلى ساۋ پېي ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، ۋېي پادىشاھلىقىنى قۇردى ھەمدە لوياڭنى پايتەخت قىلدى؛ ئىككىنچى يىلى لىيۇ بېي چېڭدۇدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، شۇ پادىشاھلىقىنى قۇردى؛ 229 ـ يىلى سۈن چۈەنمۇ ۋۇچاڭدا ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، ۋۇ پادىشاھلىقىنى قۇردى، كېيىن پايتەختنى جيەنيې (بۈگۈنكى نەنجىڭ)گە يۆتكىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، پۈتۈن دۆلەت ئۈچكە بۆلۈنۈپ، ئۈچ پادىشاھلىقنىڭ تىركىشىپ تۇرۇش ۋەزىيىتى شەكىللەندى.

جۇگې لياڭنىڭ تەخەللۇسى كۇڭمىڭ، شۇ پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى، ياش چېغىدا نەنياڭنىڭ لۇڭجۇڭ دېگەن يېرىدە تەركىدۇنيا بولۇپ ياشىغان. لىيۇ بېي ئۇنىڭ كەپىسىگە ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ تاغدىن چۈشۈپ ياردەم قىلىشىنى ئۆتۈنىدۇ. ئۇ لىيۇ بېيغا بىر تەرەپنى ئىگىلەپ تۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە ھۆكۇمرانلىق قىلىش ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ بېرىدۇ. لىيۇ بېي ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ياش پادىشاھقا نايىبلىق قىلىدۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى شۇ پادىشاھلىقى ئۈچۈن بېغىشلاپ، قوشۇن ئىچىدە ۋاپات بولىدۇ.

ئۈچ پادىشاھلىق ئۆزئارا ئۇرۇش قىلغان مەزگىلدە، سۇ قوشۇنى زور رول ئوينىغان. ئۇرۇش كېمىلىرىگە مۇرەككەپ قۇرۇلمىلار سەپلەنگەن بولۇپ، ھەم ھۇجۇم قىلالايتتى، ھەم مۇداپىئە كۆرەلەيتتى. بۇ سۇي سۇلالىسى دەۋرىدىكى رەسىم نۇسخىسىغا ئاساسەن ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن بەش تۇغلۇق كېمىنىڭ مودېلى.



بەش تۇغلۇق جەڭ كېمىسى

www.uyghurkitap.com

غەربىي جىن سۇلالىسى مەزگىلىدە ئىچكى رايونلارغا كۆچكەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى




## بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشى

شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى بۇددا دىنى ھىندىستاندىن ئارقىلىپ كىرىشكە باشلىدى. جەمئىيەت داۋالغۇۋاتقان، ئۇرۇش مالىمانچىلىقى وختىمىغان ۋەزىيەتتە، پۇقرالار دىنىي ئېتىقادنى ئوڭايلا قوبۇل قىلدى. بۇددا دىنى ەقىدىلىرى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دەرىجە تۇزۇمنى قوغداشقا پايدىلىق بولغاچقا، ھۆكۈمرانلارنىڭمۇ قوللىشىغا ئېرىشتى. ۋېي ۋە جىن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، بۇددا دىنى ئىبادەتخانىلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپلا قالماستىن، يەنە بۇددا دىنىغا مۇناسىۋەتلىك غار سەنئىتىمۇ بارلىققا كەلدى.



تۈڭ يۈنگاڭ غارىدىكى بۇددا ھەيكىلى

غەربىي شىمال تەرەپكە ئولتۇراقلاشقان ھون، سىيانپىي، كېش، دى، چياڭ مىللەتلىرى تارىختا «بەش غۇزلار» دەپ ئاتالغان. شەرقىي خەن سۇلالىسى، ۋېي، چىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە ئۇلار ئۇزلۇكسىز ئىچكى رايونلارغا كۆچۈپ كېلىشكە باشلىغانىدى. خەنزۇلار بىلەن ئۇزاققىچە ئارىلاش ئولتۇراقلىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىش نەتىجىسىدە، مىللەت چېگرىسى بارغانسېرى تارىيىشقا باشلىدى.



جيا سىشيې

## جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر

مىلادىيە 265 ـ يىلى ۋېي پادىشاھلىقىنىڭ جىنۋاڭى سىما يەن ۋېي پادىشاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، جىن سۇلالىسىنى قۇرۇپ، لوياڭنى پايتەخت قىلدى، تارىختا بۇ غەربىي جىن سۇلالىسى دەپ ئاتالدى. مىلادىيە 316 ـ يىلى غەربىي جىن سۇلالىسى يىمىرىلدى. ئىككىنچى يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسى جيەنكاڭنى پايتەخت قىلدى. مىلادىيە 420 ـ يىلى شەرقىي جىن سۇلالىسى يوقىتىلغاندىن كېيىن، جەنۇبتا كەينى ـ كەينىدىن سۇڭ، چى، لياڭ، چېندىن ئىبارەت تۆت ھاكىمىيەت بارلىققا كېلىپ، تارىختا جەنۇبىي سۇلالىلەر دەپ ئاتالدى. شىمالىي سۇلالىلەرنىڭ بىرلىككە كەلتۇرۇشى بىرئاز كېيىن بولۇپ، شىمالىي ۋېي، شەرقىي ۋېي، غەربىي ۋېي ۋە شىمالىي چى، شىمالىي جۇ سۇلالىلىرى باسقۇچلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 142 يىل داۋاملاشتى. جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر مەزگىلىدە، شىمالىي ۋېي سۇلالىسىدا كۆپرەك سىيانپىيلار ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزدى، شىمالىي جۇ سۇلالىسى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، خەنزۇ مەدەنىيىتى تەدرىجىي ئەسلىگە كېلىپ، دۆلەت كۈچى مەلۇم دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى.




### جيا سىشيې ۋە «پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى»

شىمالىي ۋېي سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (530~540) گاۋياڭ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جيا سىشيې ئۇن يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت نادىر ئەسەر «پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى»نى يېزىپ پۈتتۈردى. بۇ كىتاب دۇنيا بويىچە ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ قەدىمكى، ئەڭ مۇكەممەل، مەزمۇنى ئەڭ ئەتراپلىق دېھقانچىلىق ئەسىرى بولۇپ، 9 ـ ئەسىردە ياپونىيە ۋە ياۋروپاغا تارقىلىپ بېرىپ، دۇنيا يېزا ئىگىلىك تارىخىدىكى مۇنەۋۋەر ئەسەرگە ئايلانغان.

يەر سۇغىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇ خىل سۇ چىقىرىش ئەسۋابى ئەڭ دەسلەپ شەرقىي خەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن. ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ۋېي پادىشاھلىقىدىكى ماشىنىسازلىق مۇتەخەسسىسى ما جۈننىڭ ئۆزگەرتىپ ياسىشى بىلەن ئۈنۈمدارلىقى زور دەرىجىدە ئاشقان.



ئەجدىھاسىمان سۇ چىغىرىقى

تاۋ خۇڭجىڭ
(536~456)



### ۋېي، جىن سۇلالىلىرى دەۋرىدىكى پەن ـ تېخنىكا

ۋېي، جىن ۋە جەنۇبىي، شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدە، پەن ـ تېخنىكا ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى. ئەينى مەزگىلدە كېمىسازلىق تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىنى كەشىپ قىلىش ۋە ياساش جەھەتلەردە زور تەرەققىياتلار بارلىققا كەلدى. زۇ چۇڭجى چەمبەر تۇراقلىقىنىڭ سانلىق قىممىتىنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىدىن كېيىنكى يەتتە خانىغىچە ئېنىقلىقتا ھېسابلاپ چىقتى. ئۇ ھېسابلاپ چىققان يىل ۋاقىت پەرقىمۇ ئوخشاش مەزگىلدىكى غەربنىڭ سانلىق قىممىتىگە سېلىشتۇرغاندا خېلىلا توغرا. يەنە لى داۋيۈەننىڭ «دەريالار تەپسىراتى ئىزاھلىرى» دېگەن ئەسىرىمۇ جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك بولغان جۇغراپىيە ئىلمى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.

تاۋ خۇڭجىڭ چى ۋە لياڭ سۇلالىلىرى رىلىقىدا ياشىغان مەشھۇر تەرىقەتچى ۋە تېـ ـىپ. پادىشاھ ئۇنى ئۇستاز تۇتقان ۋە ئۇنىڭـ ـن ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ـگەنگەن. تېبابەتچىلىك جەھەتتە، ئۇنىڭ ـورا ئۆسۈملۈكلەر دەستۇرىغا ئومۇمىي ـزاھ»، «تاۋ خۇڭجىڭنىڭ سىناقتىن ئۆتكەن ـتسېپلىرى» قاتارلىق كىتابلىرى بار.

«پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى»



# بۈيۈك تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى گۈللىنىش

مىلادىيە 6 ~ 10 - ئەسىرلەردىكى سۈي ۋە تاڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە جۇڭگو بىرلىككە كەلگەن، گۈللەنگەن ۋە ئېچىۋېتىلگەن دەۋرگە قەدەم قويىدى. مەركەز بىلەن چېگرا رايونلاردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلىشىپ، ئىقتىساد تەرەققىي قىلدى؛ سىياسىي ئايدىڭلىشىپ، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت - مائارىپ راۋاجلاندى. بۈيۈك تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللىنىشى ئالدىنقى ۋە كېيىنكى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى باسقۇچ تاڭ تەيزۇڭنىڭ «جېنگۈەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق»، كېيىنكى باسقۇچ تاڭ شۈەنزۇڭنىڭ «كەييۈەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق» دەپ ئاتالدى. گۈللىنىش جەريانى 60 يىل داۋاملىشىپ، جۇڭگونىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتى تارىختىكى يۇكسەك پەللىگە يەتتى.





كەييۈەن تۆمۈر كالىسى

سەنشى ئۆلكىسىنىڭ پۇجىنچياۋ كۆۋرۈكىدىكى كەييۈەن تۆمۈر كالىسى سەككىز دانە بولۇپ، ھەربىرىنىڭ ئېغىرلىقى 30 توننا كېلىدۇ. بۇ كەييۈەن يىللىرىدىكى گۈللىنىشنىڭ ھەقىقىي ئىسپاتى ھېسابلىنىدۇ.



چاربازارچى



تاڭ تەيزۇڭ لى شىمىن (598 ~ 649)

مىلادىيە 712 - يىلى تاڭ شۈەنزۇڭ لى لۇڭجى تەختكە چىققاندا، تاڭ سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلغىنىغا 100 يىل بولۇپ قالغانىدى. كۆپ يىل داۋاملاشقان ئىچكى - تاشقى ئاپەتلەر تاڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئاساسىنى تەۋرىتىپ قويغانىدى. تاڭ شۈەنزۇڭ تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى قايتىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق، يەنە بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىش مەزگىلىنى بارلىققا كەلتۈردى. تارىختا بۇ «كەييۈەن يىللىرىدىكى گۈللىنىش» دەپ ئاتالدى.



تاڭ شۈەنزۇڭ
(685 ~ 762)

## جېنگۈەن يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق

لى شىمىن تاڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچى پادىشاھ لى يۈەنىنىڭ ئىككىنچى ئوغلى بولۇپ، تاڭ سۇلالىسىنى قۇرۇش، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ئۇرۇشلىرىدا ناھايىتى زور تۆھپە ياراتقان. مىلادىيە 626 - يىلى ئۇ شۈەنۋۇ قوۋۇقىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىشنى قوزغاپ، پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ، پادىشاھ تاڭ تەيزۇڭ دەپ ئاتالدى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، سۈي سۇلالىسى دەۋرىدىن قېپقالغان سىياسىي، ئىقتىسادىي تۈزۈملەرنى، مەسىلەن، ئۈچ ۋازارەت، ئالتە پىرقە تۈزۈمى، مەھكىمە ئەسكەرلىك تۈزۈمى، ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى تۈزۈمى، يەر تەقسىمات تۈزۈمى، تاڭ سۇلالىسى قانۇنىنى بېكىتىش قاتارلىقلارنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتە زور مەمۇرچىلىق ۋەزىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى.



ۋۇ زېتيەن
(624 ~ 705)




ۋۇ زېتيەن — جۇڭگو تارىخىدىكى بىردىنبىر ئايال پادىشاھ. ئۇ مىلادىيە 655 - يىلى (تاڭ گاۋزۇڭ مەزگىلىدە) خانىشلىققا ئۆستۈرۈلگەندىن كېيىن، ئوردىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باشلىدى. تاڭ گاۋزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ھوقۇقنى تايىنىپ پادىشاھ بولۇپ، دۆلەت نامىنى بۈيۈك جۇ سۇلالىسى دەپ ئۆزگەرتتى. ئۇ ئەمەلدارلىق ئوردا ئىمتىھانى تۈزۈمىنى بەرپا قىلىپ، كۆپلىگەن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويدى، لېكىن زالىم ئەمەلدارلارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىپ، كۆپلىگەن ناھەقچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆلگەندىن كېيىن، ھايات چېغىدىكى ئارزۇسىغا بىنائەن، قەبرىسى ئالدىغا «خەتسىز قەبرە تېشى» ئورنىتىلىپ، تۆھپىسى بىلەن سەۋەنلىكلىرى كېيىنكى كىشىلەرنىڭ باھالىشىغا قالدۇرۇلدى.



دامىڭگۇڭ ئوردىسىنىڭ لىڭدې قەسرى



دامىڭگوڭ ئوردىسىنىڭ
خەنيۈەنديەن قەسرى



## تاڭ دەۋرىدىكى پايتەخت ــ چاڭئەن

تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن غەربىي ئاستانە دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ھازىرقى شىئەن شەھىرىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەتراپىغا جايلاشقان. سۈي سۇلالىسىنىڭ پايتەختى ئاساسىدا، تاڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ يېڭىلىنىپ ۋە مۇكەممەللىشىپ، راۋۇرۇس ھەم ئۆلچەملىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئەندىزىسىنى شەكىللەندۇرگەن. تاڭ دەۋرىدە يەنە كۆرۈنۈشى ئاجايىپ ھەيۋەتلىك پادىشاھ ئوردىسى ــ دامىڭگوڭ ئوردىسى يېڭىدىن سېلىندى. ئەينى مەزگىلدىكى چاڭئەن دۇنيا بويىچە مەشھۇر چوڭ پايتەخت بولۇپ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن شەھەر ئىدى. ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا دۆلەتلىرىدىن كەلگەن ئەلچىلەر، سودىگەرلەر ۋە ئوقۇغۇچىلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، بولۇپمۇ ياپونىيە كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە راھىبلارنى ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى. تاڭ دەۋرىدە جۇڭگو دۇنيا بويىچە ئەڭ باي، ئەڭ مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىدى.



شىزاڭ داجاۋسى ئىبادەتخانىسىدىكى مەلىكە ۋېنچېڭنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ھەيكىلى




### مەلىكە ۋېنچېڭ ۋە قۇدىلىشىش

ئوخشاشمىغان مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى قۇدىلىشىش ــ سىياسىي بىلەن نىكاھ بىرلەشتۈرۈلگەن بىر خىل شەكىل. بۇنىڭدا ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز ئارا قىز بېرىش ـ قىز ئېلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئىناقلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلگەن. تاڭ تەيزۇڭ تۇبۇتلەرنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، جياڭشا ۋاڭى لى زۇڭداۋنىڭ قىزىغا مەلىكە ۋېنچېڭ مەرتىۋىسىنى بېرىپ، تۇبۇتلەرنىڭ سەردارى سوڭزەن گەنبوغا ياتلىق قىلغان.

تاڭ دەۋرىدىكى رەڭدار ساپالدىن ياسالغان كېنىزەكلەرنىڭ ھەيكىلىدىن شۇ دەۋردىكى ئاياللارنىڭ كىيىنىش ۋە ئۆزلىرىنى پەرداز قىلىش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.



### تاڭ دەۋرىدىكى كىيىم ـ كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇملىرى

چىن سۇلالىسىدىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن تارتىپ مىڭ ۋە چىڭ سۇلالىلىرىغىچە، جۇڭگو ئاياللىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلىرى ئاجايىپ گۈزەل ھەم ئۆزگىرىشچان تۈسكە ئىگە بولۇپ كەلدى. بۇ خىل ئالاھىدىلىك تاڭ دەۋرىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولدى. تاڭ دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ يېڭىچە كىيىملىرى «زامانغا خاس كىيىملەر» دەپ ئاتالدى. بۇ خىل كىيىنىش ئەڭ دەسلەپتە پايتەختتە ۋە ئوردا ئىچىدە مودا بولۇپ، كېيىن ھەرقايسى جايلارغا تارقالدى. تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، ئاياللارچە كىيىم ـ كېچەكلەر ئازادە ھەم كەڭ يەڭلىك تىكىلىدىغان بولدى.



# سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرلىرىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىيات



مىلادىيە 960 ـ يىلىدىن 1368 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىق سۇڭ، يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلى ھېسابلىنىدۇ. سۇڭ سۇلالىسى شىمالىي سۇڭ ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. 1127 ـ يىلى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى يىمىرىلىپ، سۇڭ گاۋزۇڭ جاۋ گۇ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ دۆلەت كۈچى ئاجىز بولغاچقا، ئاخىرىدا يۈەن سۇلالىسى تەرىپىدىن يوقىتىلدى. يۈەن سۇلالىسى قورال كۈچىگە تايىنىپ قۇرۇلغان دۆلەت بولۇپ، تېزدىن قۇدرەت تېپىپ، زېمىنىنى ياۋروپا ـ ئاسىيا قۇرۇقلۇقىنىڭ كۆپ قىسىم رايونلىرىغىچە كېڭەيتتى. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى مەزگىلىدە، خەنزۇلارنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتى بىلەن موڭغۇللارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق مەدەنىيىتى تەدرىجىي قوشۇلۇپ، تاۋار ئىگىلىكى يۈكسەك تەرەققىي قىلدى. يېڭىدىن گۈللەنگەن مەركىزىي شەھەر تۇرمۇشى سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىنىڭ مەدەنىيىتىگە تولۇپ تاشقان ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدى.



جاۋ كۇاڭيىن (927 ~ 976)

### سۇڭ تەيزۇ

سۇڭ تەيزۇ جاۋ كۇاڭيىن سۇڭ سۇلالىسىنى قۇرغۇچى پادىشاھ. ئۇ ئەسلىدە كېيىنكى جۇ سۇلالىسىنىڭ ئۇلۇغ سانغۇنى بولۇپ، جۇ شىزۇڭنىڭ چوڭقۇر ئىشەنچىگە ئېرىشكەنىدى. جۇ شىزۇڭ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ چېنچياۋ ئۆتىڭىدە ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئۆزى تەڭرىقۇت بولۇپ، سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى. ئۇ پادىشاھ بولۇپ يېرىم يىل ئۆتمەيلا، زىياپەتكە چاقىرىپ ئۇتۇقلارنى تەبرىكلەش نامىدا، مېھرىبانلىق ۋە ھەيۋە كۆرسىتىش تەدبىرىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ، بىرقانچە چوڭ سەركەردىنى ھەربىي ھوقۇقىنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. تارىختا بۇ «زىياپەت ئارقىلىق ھەربىي ھوقۇقتىن مەھرۇم قىلىش» دەپ ئاتالدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سىياسىي ھوقۇق، ھەربىي ھوقۇق، مالىيە ھوقۇقلىرىنىڭ ھەممىسى بىۋاستە مەركەزنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتۈپ، ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى كۈچەيدى.



«چوكانتال مەۋسۇمىدىكى دەريا سەيلىسى رەسىمى» (بىر قىسمى)

جۇ شى جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئىدىراكشۇناس ۋە مائارىپچى، شۇنداقلا كۇڭزىچىلار ئىدىيەسىنىڭ كۇڭزى، مېڭزىلاردىن كېيىنكى ئەڭ مۇھىم ۋەكىلى.



جۇ شى (1130 ~ 1200)

### سۇ سۇڭ ۋە ئۇنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى

سۇ سۇڭ شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئاسترونومىيە ئالىمى ۋە دورىگەر. ئۇ كەشىپ قىلغان سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى ئەينى مەزگىلدە دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار ئاسترونومىيە ئەسۋابى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئەسۋاب جاڭ خېڭنىڭ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى بىلەن راھىب يىشىڭنىڭ سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئاسمان گلوبۇسىغا ئاساسەن ئۆزگەرتىپ كەشىپ قىلىنغان. ئۇ ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى ۋە ۋاقىت مەلۇم قىلىش ئەسۋابى بىلەن بىر گەۋدە بولغان ھالدا، كىچىك تىپتىكى رەسەتخانىنى شەكىللەندۈرگەن.

### جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ جۇرجىتلارغا قارشى تۇرۇشى

مىلادىيە 1126 ـ يىلى، شىمالدىكى جىن پادىشاھلىقىدىكى جۇرجىتلار شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە ھۇجۇم قىلدى. ئىككىنچى يىلى ئاتا ـ بالا پادىشاھلار ــ سۇڭ خۇيزۇڭ بىلەن سۇڭ چىنزۇڭلارنى ئەسىرگە ئېلىپ كەتتى. نەتىجىدە، شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى يىمىرىلىپ، سۇڭ گاۋزۇڭ جاۋگۇ تەختكە چىقىپ، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى قۇردى. جەنۇبىي سۇڭ ئوردىسى بىرقانچە مەزگىلگىچە قاچقۇنلۇق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرۈپ، 1138 ـ يىلى لىنئەن (ھازىرقى خاڭجۇ)نى رەسمىي پايتەخت قىلىپ بېكىتتى. جىن پادىشاھلىقىنىڭ قىستاپ كېلىشىگە قارىتا، يۆ فېي، جاڭ شىجۇڭ قاتارلىق سەركەردىلەر قارشى تۇرۇشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى ھەمدە جىن قوشۇنلىرىنى كۆپ قېتىم مەغلۇپ قىلىپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالدى. ئەمما، سۇڭ گاۋزۇڭ ۋە باش ۋەزىر چىن خۇي قاتارلىقلار سۇلھى قىلىشقا كۈچەپ، جىن پادىشاھلىقىغا بېقىندى بولۇپ ئولپان تاپشۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي، سۇلھى تەرەپدارلىرى «توپىلاڭ كۆتۈرۈش قەستىدە بولغان» دېگەن جىنايەتنى ئارتىپ، باتۇر يۆ فېينى ئۆلتۈرۈۋەتتى.



يۆ فېي قوشۇنى باشلاپ، قولدىن كەتكەن يەرلەرنى قايتۇرۇۋالماقتا.



سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىش ئەسۋابى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## دەۋر ئەركىسى چىنگىزخان



1206 ـ يىلى موڭغۇل مىللىتىنىڭ قەھرىمانى تېمۇچىن موڭغۇللارنىڭ ھەرقايسى قەبىلىلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەربىي ئىشلار بىلەن سىياسىي ئىشلار بىرلەشتۈرۈلگەن موڭغۇل خانلىقىنى قۇردى. ئۇ ئەڭ ئالىي داھىيلىق ئورنىغا كۆتۈرۈلۈپ، چىنگىزخان دەپ ئاتالدى. چىنگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى قۇدرەتلىك ئاتلىق قوشۇنلىرىغا تايىنىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، جىن پادىشاھلىقىنى مەغلۇپ قىلدى، غەربىي شيا دۆلىتىنى يوقاتتى ھەمدە غەربكە يۈرۈش قىلىپ، تەسىر دائىرىسىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقىي ياۋروپاغىچە كېڭەيتىپ، ئاسىيا ـ ياۋروپا قىتئەسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن يۈەن ئىمپېرىيىسىنى قۇردى.

چىنگىزخاننىڭ قەبرىسى



يۈەن شىزۇ قۇبلەي (1215 ~ 1294)

قۇبلەي 1260 ـ يىلى موڭغۇل خانلىقىنىڭ تەختىگە ئولتۇردى. 1271 ـ يىلى ئۆزىنى پادىشاھ دەپ جاكارلاپ، دۆلەت نامىنى «يۈەن»گە ئۆزگەرتىپ، بېيجىڭنى پايتەخت قىلدى. بېيجىڭ ئەينى ۋاقىتتا «خانبالىق» دەپ ئاتىلاتتى. 1279 ـ يىلى ئۇ موڭغۇل ئاتلىق قوشۇنىنى باشلاپ جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىپ، دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈردى.

يۈەن دەۋرىدىكى مەشھۇر ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ئالىمى گو شۇجىڭ يەنە مەشھۇر سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسى، ماشىنا كەشپىياتچىسى ئىدى. ئۇ تروپىك يىلىنىڭ سانلىق قىممىتىنى غەربنىڭكىدىن 300 نەچچە يىل بۇرۇن ھېسابلاپ چىققان.

رەسەتخانىنىڭ ئېگىزلىكى 9.46 مېتىر، ئىچىگە قەدىمكى زاماندىكى ئاسمان جىسىملىرىنى كۆزىتىدىغان ھەر خىل ئەسۋابلار ئورنىتىلغان. رەسەتخانىنىڭ ئالدىغا ئۇزۇنلۇقى 13.19 مېتىر كېلىدىغان ۋاقىت ئۆلچىگۈچ تاش ياتقۇزۇلغان بولۇپ، ئۇ يەنە «ئاسماننى ئۆلچەش سىزغۇچى» دەپمۇ ئاتالغان.



گو شۇجىڭ (1231 ~ 1316)





«چوكانتال مەۋسۇمىدىكى دەريا سەيلىسى» رەسىمى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى مەشھۇر تۇرمۇش رەسىمى بولۇپ، ئۇنىڭدا پايتەخت بيەنلياڭنىڭ چوكانتال مەۋسۇمى مەزگىلىدىكى شەھەر مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن. رەسىمدىكى قايناق ھەم ئاۋات تۇرمۇش مەنزىرىسى ئەينى مەزگىلدە سودا ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

مىستىن ياسالغان قۇياش سائىتى



مىستىن ياسالغان قۇياش سائىتىنى گو شۇجىڭ لايىھەلەپ ياسىغان بولۇپ، قۇياش ئورنىنى ۋە بۇلۇڭ گرادۇسىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلگەن. ئۇنى مىس سۇ سائىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلەتكەندە، ۋاقىتنى تېخىمۇ توغرا ئۆلچىگىلى بولغان.

دېڭفىڭ رەسەتخانىسى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، يەنى 1279 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياسالغان بولۇپ، خېنەن ئۆلكىسى دېڭفېڭ ناھىيىسىنىڭ گاۋچېڭ بازىرىغا جايلاشقان. رەسەتخانا بىلەن كۆزىتىش ئەسۋابلىرىنىڭ ھەممىسىنى گو شۇجىڭ لايىھىلەپ ياسىغان بولۇپ، يۈەن، مىڭ، چىڭ دەۋرلىرىگىچە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەلگەن.

## سىما گۇاڭ ۋە «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»

سىما گۇاڭ شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىيون ۋە تارىخشۇناس. ئۇ ئورىدىدا ...مىرزا بولغان، لېكىن ۋاڭ ئەنشىنىڭ قانۇن ئۆزگەرتىشىگە قارشى ...قانلىقى ئۈچۈن، مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇپ، ئورىدىن چىقىرىلغان. شۇ... بىلەن، ئۇ ئۆيىدە پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ «ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ...ۇمىي ئۆرنەكلىرى»نى يېزىشقا كىرىشكەن. سىما گۇاڭ بۇ نادىر ئەسەرنى ...پ چىقىش ئۈچۈن توپتوغرا 19 يىل سەرپ قىلغان. بۇ ئەسەردە ماتې...ال ئىنتايىن مول بولۇپ، ھەممىسلا قاتتىق تەكشۈرۈپ دەلىللەشتىن ...كەن، تىلى جانلىق ھەم پىششىق، بۇ ئېلىمىزنىڭ تارىخشۇناسلىق تارى...ا ئىنتايىن قىممەتلىك ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.



سىما گۇاڭ (1019 ~ 1086)



«لۇگۇ قانىلىدا سال ھەيدەش رەسىمى»دە يۈەن شىزۇ جىيۈەن سەلتەنەتىنىڭ 3 ـ يىلى (1266)، يۈەن سۇلالىسىنىڭ پايتەختى خانبالىقنى ياساش ئۈچۈن، شىسەن تېغىنىڭ ياغاچ ـ تاشلىرىنى سال بىلەن لۇگۇ قانىلىدا توشۇش مەنزىرىسى تەسۋىرلەنگەن.

«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى» 294 جىلد بولۇپ، ئۇنىڭدا مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 403 ـ يىلىدىن مىلادىيە 959 ـ يىلىغىچە بولغان 1362 يىللىق تارىخ خاتىرىلەنگەن. كىتابتا سىياسىي، ھەربىي ئىشلار تارىخى ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بولۇپ، تارىختا ئۆتكەن پادىشاھ ۋە ۋەزىرلەرنىڭ مالىمانچىلىقنى تۈزەش جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەت ۋە مەغلۇبىيەتلىرى كۆرسىتىپ بېرىلگەن.



«ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ ئومۇمىي ئۆرنەكلىرى»

# تۆت چوڭ كەشپىيات

جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئىجادىيەت ۋە كەشپىياتلىرى خۇددى كۆكتە پارلاق نۇر چېچىپ تۇرغان يۇلتۇزلاردەك ساناپ تۈگەتكۈسىز كۆپ. كومپاس، پوروخ، قەغەز ياساش تېخنىكىسى ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ كەشپىيات شۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئەڭ نۇرلۇق يۇلتۇزلاردۇر. بۇلارنىڭ بارلىققا كېلىشى پۈتكۈل دۇنيانىڭ قىياپىتىنى ۋە شەيئىلەرنىڭ ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابىنىڭ كېيىنى ـ كەينىدىن يۈز بېرىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى ئۈزلۈكسىز پارلاق يولغا باشلىدى.



ئەمىنىيە دەۋرىدىلا ئېلىمىزدە تۆمۈر قۇيۇمچىلىق تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر كان ئېچىش جەريانىدا، بىر خىل مەدەننىڭ تۆمۈر رودىسىنى ئۆزىگە تارتىدىغانلىقىنى بايقىغان. قەدىمكى كىشىلەر بۇ خىل مەدەننى «ماگنىت رودىسى» دەپ ئاتاشقان.

## جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ



خەن دەۋرىدىكى جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ

جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى «كومپاس»، قەدىمكى زامان ئادەملىرى تاغ ئارىسىغا بېرىپ قاشتېشى ئىزدىگەندە، قاقاس تاشلىقتا يولدىن ئېزىپ قېلىشتىن قورقۇپ جەنۇبنى كۆرسەتكۈچنى ئىشلىتىشكەن

بۇنىڭدىن تەخمىنەن 2000 يىللاردىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى، ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى ئادەملىرى ماگنىتتىن پايدىلىنىپ بىر خىل تەرەپ كۆرسەتكۈچى ئەسۋابنى ياساپ، ئۇنى «جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ شەكلى كومپاسقا ئوخشاشمىسىمۇ، لېكىن تەرەپ كۆرسىتىش قائىدىسى ئوخشاش. بىر پۈتۈن تەبىئىي ماگنىتنى تاراشلاپ سىلىقلاش ئارقىلىق ياسالغان بولۇپ، قوشۇقسىمان كۆرسەتكۈچنىڭ دەستىسى S قۇتۇپقا قارىغان. دەستىنى قول بىلەن ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، قوشۇقسىمان كۆرسەتكۈچى چۆرگىلەپ توختىغاندا، ئۇنىڭ دەستىسى كۆرسەتكەن تەرەپ جەنۇب بولغان. بۇ جۇڭگودا ياسالغان ئەڭ بالدۇرقى «كومپاس» ھېسابلىنىدۇ.



كومپاس ماگنىتتىن ياسالغان بولۇپ، قەدىمكى كىشىلەر ماگنىتنى ماگنىت رودىسى دەپ ئاتاشقان.



كىشىلەر جەنۇبنى كۆرسەتكۈچنى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق تەتقىق قىلىپ يېڭىلاش ئارقىلىق، ئاسما يىپلىق جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ ۋە جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ تاشپاقىنى ياساپ چىققان.

ئاسما يىپلىق جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ



جەنۇبنى كۆرسەتكۈچ تاشپاقا

ماگنىتنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ماگنىت قۇتۇپى ئوخشاشمايدۇ، بىر تەرىپى S قۇتۇپ، يەنە بىر تەرىپى N قۇتۇپ دەپ ئاتىلىدۇ. يەر شارىمۇ چوڭ بىر پارچە تەبىئىي ماگنىت جىسىم بولۇپ، يەر شارىنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا يېقىن بولغىنى S قۇتۇپ، جەنۇب قۇتۇپىغا يېقىن بولغىنى N قۇتۇپ دېيىلىدۇ. كومپاس ئوخشاش ماگنىت قۇتۇپلىرىنىڭ ئۆز ئارا چەتكە قېقىشى، ئوخشاش بولمىغان ماگنىت قۇتۇپلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى تارتىشىدىن ئىبارەت قائىدىگە ئاساسەن ياسالغان.

## دېڭىز قاتنىشىدىكى تەخسىلىك تەرەپ كۆرسەتكۈچ

كومپاس كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، دېڭىز ـ ئوكيان سەپىرىدە، ئاسمان بىلەن سۇ ئۆز ئارا تۇتىشىپ. كەتكەن بىپايان ئوكياندا بىرەر نىشاننى تېپىش ئىنتايىن تەس ئىدى. كومپاس كەشىپ قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ مەسىلە ھەل بولدى. خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئەڭ كېيىن بولغاندىمۇ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ئېلىمىز دېڭىز سەپىرىدە كومپاسنى ئىشلەتكەن، بىراق ئۇ چاغدا ئىشلىتىلگەن كومپاس تەخسىلىك تەرەپ كۆرسەتكۈچ بولۇپ، تەخسىنىڭ چۆرىسىگە شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمال قاتارلىق تەرەپ ناملىرى ئويۇلغان. تەرەپ كۆرسەتكۈچ تەخسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان. ئىشلەتكەن چاغدا، كۆرسەتكۈچ يىڭنىسى بىلەن تەخسىگە ئويۇلغان جەنۇب تەرەپ ئۈدۇل كەلسىلا، يۈرۈش يۆنىلىشىنى ناھايىتى ئوڭاي پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى.



چىڭ دەۋرىدە دېڭىز قاتنىشىدا ئىشلىتىلگەن تەخسىلىك شىمالنى كۆرسەتكۈچ

www.uyghurkitap.com



## پوروخ تاۋلاش

قەدىمكى جۇڭگودىكى توپىنلار ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش، كامالەتكە يېتىپ ئەۋلىيالارغا ئايلىنىش ئۈچۈن، چىن ۋە خەن دەۋرلىرىدىلا ئوتتا سەرسۇرۇخ تاۋلاپ خىسلەتلىك كۆمىلاچ دورا ياساشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغانىدى. سەرسۇرۇخ تاۋلاشتا گۈڭگۈرت، سېلىترا، ياغاچ كۆمۈر قاتارلىق ماتېرىياللار ئىشلىتىلەتتى. بۇ ماتېرىياللارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ تاۋلاش جەريانىدا ئازراقلا بىخەستىلىك قىلىنسا، پارتلاش يۈز بېرەتتى. كېيىن، كىشىلەر ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىگىلەپ، بۇ ماتېرىياللارنى مۇئەييەن نىسبەت بويىچە راسلاپ ياسايدىغان بولدى. ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 808 ـ يىلىدىن ئىلگىرى گۈڭگۈرت، سېلىترا، ياغاچ كۆمۈردىن ئىبارەت ئۈچ خىل نەرسىدىن تەركىب تاپقان پوروخ جۇڭگودا بارلىققا كەلدى.



ئېلىمىزدە كەشىپ قىلىنغان پوروخ (مىلتىق دورىسى) ئادەتتە قارا پوروخ دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ سېلىترا، گۈڭگۈرت ۋە ياغاچ كۆمۈردىن ئىبارەت ئۈچ خىل نەرسىنى مۇئەييەن نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلاتتى.

سېلىترا



گۈڭگۈرت



ياغاچ كۆمۈر



پوروخ ئوت بىلەن ئۇچراشقان هامان كۆيۈشكە باشلايدۇ، كۆيگەندىن كېيىن پەيدا بولغان گاز تۇيۇقسىزلا ئىلگىرىكى ھەجىمىدىن نەچچە ھەسسە كېڭىيىدۇ. شۇڭا، ئۇ كۈچلۈك پارتلاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

قەدىمكى زاماندا تېۋىپلار گۈڭگۈرت بىلەن سېلىترانى كېسەل داۋالايدىغان دورا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەن. بۇ ئىككى خىل نەرسىگە كۆمۈرنى ئارىلاشتۇرغاندا ئوت پەيدا بولغان. شۇڭا، قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەر بۇ خىل نەرسىنىڭ ئارىلاشمىسىنى «پوروخ»، يەنى «ئوت دورا» دەپ ئاتىغان.



مىڭ دەۋرىدىكى پوروخلۇق ئۇچار قاغا

پوروخلۇق نەيچە



قەدىمكى زاماندا ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان پوروخلۇق زەمبىرەك

## پوروخنىڭ ئىشلىتىلىشى

پوجاڭزا پوروختىن ياسىلىدۇ. تاغلارنى ئېچىش، كان قېزىش، يول ياساش، ئۆستەڭ ياساش قاتارلىق قۇرۇلۇشلاردىمۇ پوروخ ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن، پوروخ ئىنسانلارغا يەنە زور بالايىئاپەتلەرنىمۇ ئەكېلىدۇ. پوروخ كەشىپ قىلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، كىشىلەر ئۇنى ئۇرۇش قوراللىرىغا ئىشلىتىپ، پوروخلۇق راكېتا، پوروخلۇق زەمبىرەك، پوروخلۇق تۆمۈر تىكەن قاتارلىقلارنى ياسىدى. كېيىن، پوروخ غەربكە تارقىلىپ باردى. غەربلىكلەر ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ كۈچلۈك پارتلاش خاراكتېرلىك ئۇرۇش قوراللىرىنى ئىشلەپ چىقاردى.



ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى پوجاڭزا ئېتىش مەنزىرىسى

مىڭ دەۋرىدىكى پوروخلۇق ئەجدىها مىنا دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى 2 ـ دەرىجىلىك راكېتا. ئەجدىهانىڭ بەدەن قىسمىغا ئورنىتىلغان پوروخ نەيچىلىرى قوزغىتىش رولىنى ئوينايدۇ. پوروخلۇق ئەجدىها دۈشمەن بارگاھىغا ئۇچۇپ بارغاندىن كېيىن، راكېتانىڭ ئۈستىدىكى پوروخلۇق نەيچە ئوت ئېلىپ، راكېتانى ئېتىپ چىقىرىدۇ.



## قەغەزنىڭ بارلىققا كېلىشى

ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخى ناھايىتى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە قەغەزگە يېزىلمىغان، چۈنكى ئۇ چاغلاردا كىشىلەر قەغەز ياساشنى بىلمىگەن. ئېلىمىزنىڭ غەربىي خەن دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن سەرناق قەغەز ئەڭ دەسلەپكى قەغەز ھېسابلىنىدۇ. ئۇ قەدىمكى زامان كىشىلىرى سەرناقنى بورا ئۇستىگە يېيىپ قۇرۇتقاندا، بورىغا چاپلىشىپ قېپقالغان نېپىز سەرناق پارچىسىنى كۆرستىدۇ. بۇ خىل سەرناق قەغىزىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن كىشىلەر زور دەرىجىدە ئىلھاملىنىپ، ئۆسۈملۈك تالاسىدىن قەغەز ئىشلەشنى ئويلاپ يەتكەن. قەغەز بارلىققا كەلگەندىن كېيىن، ئىنسانلارنىڭ خىلمۇخىل بىلىملىرى مۇكەممەل ساقلىنىپ ھەم تارقىلىپ، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت، پەن - تېخنىكا ئىشلىرى تېز سۈرئەتتە ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

باچياۋ قەغىزى



1957 - يىلى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگىيىچىلىرى شىئەن شەھەر ئەتراپىنىڭ باچيا دېگەن يېرىدىكى بىر قەدىمكى قەبرىدىن بىر قىسىم قەغەز پارچىلىرىنى تاپتى. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، بۇ خىل قەغەزنىڭ كەندىر تالاسىدىن ياسالغانلىقى، ئۇنىڭغا ئاز مىقداردا ئاق كەندىر ئارىلاشتۇرۇلغانلىقى، بۇنىڭدىن 2100 نەچچە يىل ئىلگىرىكى قەغەز ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى.




كەندىر، تاشلاندۇق لاتا - پۇرۇچلار، ئىشتان - چىكە كەندىر يىپتىن توقۇلغان بېلىق تورلىرىمۇ قەغەزنىڭ خام ئەشياسى قىلىنغان.

## سەي لۇننىڭ قەغەز ياسىشى



سەي لۇن
(مىلادىيە ؟ ~ 121)

سەي لۇن شەرقىي خەن دەۋرىدىكى ئوردىنىڭ ھەرەمئاغىسى بولۇپ، ئاساسلىقى پادىشاھ ۋە ئوردا ئىشلىتىدىغان بۇيۇملارنى ياساش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ئۇ ئىلگىرىكى كىشىلەرنىڭ مەشۇت - كەندىر تالاسىدىن قەغەز ياساش تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، دەرەخ قوۋزىقى، بورا قاتارلىقلارغا خام ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياساش خىيالىغا كەلدى. كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق، ئاخىر ھۈنەر - سەنئەتتى ئىنچىكە، كۆپلەپ ئىشلەپ چىقارغىلى بولىدىغان يېڭى قەغەزنى ياساپ چىقتى. مىلادىيە 105 - يىلى ئۇ قەغەز ياساش مۇۋەپپەقىيىتىنى ئوردىغا يوللىدى. بۇ خىل يېڭى قەغەز «سەي لۇن بەگ قەغىزى» دەپ ئاتالدى.



ئويما مەتبەئەدە ئىشلىتىلىدىغان سايمانلار

ئويما مەتبەئەنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: ياغاچنى ھەرىدەپ پارچە - پارچە تاختا ھازىرلىنىدۇ. بېسىلىدىغان خەت نېپىز قەغەز ئۈستىگە يېزىلىپ، تاختا ئۈستىگە تەتۈر چاپلىنىدۇ. ئاندىن، تاختىغا بېسىلىدىغان ھەربىر خەت سىزىقى بويىچە پىچاق بىلەن بىر - بىرلەپ قاپارتما خەت ئويۇپ چىقىلىدۇ. ئۇنىڭدا ھەربىر خەتنىڭ سىزىقلىرى تاختا ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان بولىدۇ. تاختا مەتبەئە ھازىرلىنىپ بولغاندىن كېيىن، كىتابنى بېسىشقا بولىدۇ. كىتابنى باسقاندا، ئالدى بىلەن چوتكىنى سىياھقا چىلاپ، ئويۇلۇپ پۈتكەن تاختا ئۈستىنى چوتكىلىغاندىن كېيىن، ئاق قەغەز تاختا ئۈستىگە چاپلىنىدۇ. ئاندىن، يەنە بىر پاكىز چوتكا بىلەن قەغەز ئۈستى يېنىك چوتكىلانغاندىن كېيىن، قەغەز سويۇۋېلىنىدۇ، بۇ ئارقىلىق كىتابنىڭ بىر بېتى بېسىلىپ چىققان بولىدۇ. بۇ خىل مەتبەئەچىلىكتە تاختا ئۈستىگە خەت ئويۇش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن، كىشىلەر «ئويما مەتبەئە» دەپ ئاتىغان.




ئويما مەتبەئە دېگىنىمىز، بىر پارچە ماقالە خېتىنى ئالدى بىلەن تاختا ئۈستىگە تەتۈر ئويۇۋېلىپ، ئاندىن كېيىن سىياھ بىلەن قەغەز ئۈستىگە بېسىشنى كۆرستىدۇ. خەت ئويۇلغان تاختا ئويما مەتبەئە تاختىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## قەدىمكى زاماندىكى مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى

ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى زامانىدا، تامغا ئويمىچىلىقى بىلەن تاش ئابىدە ئويمىچىلىقى ئىنتايىن ئومۇملاشقانىدى. تامغا ئويمىچىلىقى بىلەن ئابىدە ئويمىچىلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە، گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە، ئەقىل - پاراسەتلىك كىشىلەر بۇ ئىككى خىل تېخنىكىنى قەغەزگە ۋە سىياھ بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق، تاختايغا ئويۇلغان تەتۈر خەتنى ئاق قەغەزگە بېسىپ، قارا خەتلىك ماقالىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن، ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى دۆلىتىمىزدە بارلىققا كەلگەن. بۇ ئىنسانلارنىڭ مەتبەئەچىلىك تارىخىدىكى تۇنجى پارلاق سەھىپىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com






دېۋىرقاي، شام ۋە قەغەز كۆلى ئارىلاشمىسىدىن پايدىلىنىپ مىخ مەتبەئە هەرپلىرى مۇقىملاشتۇرۇلۇپ، هەرپ تاختىسىنىڭ يۈزى تەكشىلىنىدۇ.

سېغىز لايدىن كۆپلىگەن چاسا شەكىل-لىك ئۇزۇنچاق تاياقچە ياسىلىدۇ. تاياقچىنىڭ بىر بېشىغا ئاق هەرپلەر ئويۇلغاندىن كېيىن ئوتتا پىشۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆپلىگەن مىخ هەرپلەر پۈتۈپ چىقىدۇ.




هەرپ لاي تاياقچە يۈزىدىن بىر - ئىككى مىللىمېتىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.

ياپىلاق تۆمۈر تاياقچىلار قۇر ئارىلىقىنى ئايرىش ۋە هەرپلەرنى قېلىپلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

چىڭ دەۋرىدىكى مەتبەئە تاختىسىغا رەڭ بېرىلىپ بېسىلغان چاغانلىق رەسىم



سۇڭ دەۋرىدە ئويما مەتبەئەدە بېسىلغان «مېيخۇا گۈلى شادلىق ملاهى شەجەرىسى»

## مىخ مەتبەئە

ئويما مەتبەئەچىلىكتە خەت ئويۇشقا ناهايىتى كۆپ كۈچ كېتەتتى. ىر قىسىم چوڭ كىتابلارنى بېسىش ئۈچۈن، كۆپلىگەن خەت ئويۇش ىشچىلىرى ئىشلەيتتى هەمدە بىرنەچچە يىل خەت ئويغاندىلا، ئاندىن ىتابنى بېسىپ چىقىرالايتتى. كىتابنىڭ نەشردىن چىقىش ۋاقتى ناها-ىتى ئۇزاققا سوزۇلاتتى. بۇ خىل ئەهۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، شىما-ىي سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭ سېغىز لايدىن ساپال هەرپ ياساش ۇسۇلىنى كەشىپ قىلدى. كىتابنى باسقاندا، كىتابنىڭ كوپىيىسى بو-ىچە بۇ ساپال هەرپلەرنى بىرلەشتۈرۈپ تىزىپ بەت ياسىغاندىن كېيىن ېسىشقا بولاتتى. مىخ مەتبەئە دېگىنىمىز مانا شۇ. مىخ مەتبەئە هەرپلە-ى كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ياغاچ هەرپ، مىس هەرپ، قوغۇشۇن هەرپ-ەر بارلىققا كەلدى. قوغۇشۇن هەرپ تاكى 20 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ۈزېرلىق بەت ياساش بارلىققا كەلگەنگە قەدەر ئىشلىتىلدى.



يۈەن دەۋرىدە ۋاڭ جېن دې-گەن كىشى بىر يۈرۈش ياغاچ مىخ هەرپنى لايىھىلىگەن، ئاندىن ياغاچتىن دىئامېتىرى يەتتە چى كېلىدىغان ئىككى چوڭ پىرقىرىغۇچ شىرەنى ياسىغان. شىرەنىڭ ئىچى ئاي-رىم - ئايرىم كاتەكچىلەرگە بۆلۈنگەن. دائىم ئىشلىتىلمەيدىغان هەرپلەر بىلەن دائىم ئىشلىتىلىدىغان هەرپلەر ئايرىلىپ ئىككى پىرقىرىغۇچ شىرەگە سېلىنغان. بەت ياسىغاندا، بىر ئادەم كوپىيە-نى ئوقۇسا، بىر ئادەم ئىككى شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرۇپ هەرپلەرنى تاللاپ تىزغان، بۇ ئىنتايىن قۇلايلىق بولغان.





# زور كەشپىياتلار بارلىققا كەلگەن مىڭ سۇلالىسى دەۋرى

1368 ـ يىلى يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلدى. جۇ يۈەنجاڭ مىڭ سۇلالىسىنى قۇرۇپ، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى ھەربىي ئۇزۇق ـ تۈلۈك تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ھەرقايسى جايلاردا كەڭ كۆلەمدە تېرىقچىلىق قىلىش، سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى يولغا قويۇلۇپ، دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلدى. مىڭ چېڭزۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە، پايتەخت نەنجىڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈرۈلۈپ، شىمالىي چېگرا مۇستەھكەملەندى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىلىدە ئىقتىساد ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلىپ، قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن سودا ئىشلىرىمۇ گۈللىنىشكە باشلىدى، يەنە كۆلىمى چوڭراق فارفورچىلىق كەسپى ۋە مېتال تاۋلاش كەسپلىرى بارلىققا كەلدى. ئىقتىساد پەن ـ تېخنىكا تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. مىڭ دەۋرىدە تېبابەتچىلىك ئىلمى، يېزا ئىگىلىك ئىلمى، قۇيمىچىلىق تېخنىكىسى قاتارلىقلار دۇنيا بويىچە ئالدىنقى ئورۇننى ئىگىلىدى. مىڭ سۇلالىسى يۇڭلې يىللىرى (1405 ـ يىلى)دىن باشلاپ، جېڭ خې ئوردىنىڭ پەرمانىغا بىنائەن كېمە ئەترىتىنى باشلاپ، غەربىي ئوكيانغا يەتتە قېتىم سەپەر قىلدى. كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى جەھەتتە، ئۇ ئەينى زاماندىكى دېڭىز قاتنىشىنىڭ يۈكسەك پەللىسىگە يەتكەنىدى.



جۇ يۈەنجاڭ
(1398～1328)

## مىڭ تەيزۇ جۇ يۈەنجاڭ

جۇڭگو تارىخىدا، خەن گاۋزۇ ليۇ باڭدىن باشقا، ئاددىي خەلقتىن چىققان بىردىنبىر پادىشاھ ــ جۇ يۈەنجاڭ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دېھقانلار قوزغىلاڭچى قوشۇنى ئىچىدە باش كۆتۈرۈپ، ئاخىرىدا جاھاننى تىنچىتىپ، مىڭ سۇلالىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ تەختكە چىققاندىن كېيىن، ئىككى تۈرلۈك مۇھىم ئىسلاھاتنى يولغا قويدى: بىرى، باش زىرلىك تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ شەخسىي ھوقۇقىنى زورايتتى؛ يەنە بىرى، پادىشاھ جەمەتى بىلەن تۇغقاندارچىلىقى بولغانلارنىڭ ھەممىسىگە بىر تۇتاش پايتەختنىڭ سىرتىدىن سۇيۇرغاللىق يەر بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىمتىيازىنى چەكلەش ئارقىلىق، پادىشاھ ھوقۇقىنىڭ مۇستەھكەملىكىنى كاپالەتلەندۈردى. ئۇ يەنە كۆپلىگەن ئىقتىسادىي سىياسەتلەرنى قوللىنىپ، دېھقانچىلىق ۋە سودا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىل «خۇڭۋۇ يىللىرىدىكى مەمۇرچىلىق» دەپ ئاتالدى.



«شيەنزۇڭنىڭ كۆڭۈل ئېچىشى»

بۇ رەسىم 1475 ـ يىلى سىزىلغان. ئۇنىڭدا، مىڭ دەۋرىدە پادىشاھ شيەنزۇڭنىڭ پوجاڭزا ئېتىش مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىۋاتقانلىقى تەسۋىرلەنگەن. جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندا پوروخ ھەربىي قوراللارنى ياساشقا ئىشلىتىلىپلا قالماستىن، ئاساسلىقى كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن، ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىدە ناھايىتى ئاز ئىشلىتىلگەن.

لۇ بېگىمنىڭ سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ھارۋىسىنىڭ رەسىمى




جۇ يۈەنجاڭ چۇجوغا ھۇجۇم قىلغاندا، مۇشۇ خىلدىكى سېپىلغا ھۇجۇم قىلىش ھارۋىسىنى ئىشلىتىپ غەلىبە قازانغان.

## پوروخلۇق ئۇرۇش قوراللىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

پوروخ ــ جۇڭگونىڭ تۆت چوڭ كەشپىياتىنىڭ بىرى. سۇڭ ۋە يۈەن سۇلالىلىرى دەۋرىدىن تارتىپ، پوروخ ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساشتا ئىشلىتىلىشكە باشلاپ، مىڭ دەۋرىگە كەلگەندە ۋايىغا يەتكەن. چى جىگۇاڭنىڭ «ئۈنۈملۈك يېڭى مەكتۇپلار» دېگەن كىتابىدا، پوروخنىڭ تەييارلىنىشى ۋە ياسىلىش ھۈنەر ـ سەنئىتى ھەققىدە تەپسىلىي خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. جياۋ يۈنىڭ «خىسلەتلىك ئوت ئەجدىھا قورالى تەدبىرى»دە، پارتلىغۇچ ئۇرۇش قوراللىرىنى ياساش تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

شەنخەيگۇەندىكى تۆمۈر زەمبىرەك



مىڭ دەۋرىدىكى تۆمۈر زەمبىرەكلەرنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بۇ ئەڭ كۈچلۈك بىر خىلى.

مىڭ دەۋرىدىكى پارتلىغۇچ ئارقىلىق ئېتىلىدىغان ئوقنى دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى ئېتىلغۇچى پوروخلۇق قورال، دېيىشكە بولىدۇ. بۇنىڭدا، ئوق دەستىسىنىڭ ئالدى تەرىپىگە پوروخلۇق نەيچە باغلىنىدۇ، پوروخ پارتلىغاندا، پەيدا بولغان ئەكس تەسىر كۈچى ئارقىلىق ئوق ئېتىلىپ چىقىدۇ.



مىڭ دەۋرىدىكى پارتلىغۇچ ئارقىلىق ئېتىلىدىغان ئوق

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



## مىڭ دەۋرىدىكى سەددىچىن سېپىلى

مىڭ دەۋرىدىكى چېگرا ئاپىتى ئاساسلىقى شىمالدىكى موڭغۇللار بىلەن جۇرجىتلاردىن كېلەتتى. مىڭ سۇلالىسى چېگرىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، سەددىچىن سېپىلىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش ۋە كېڭەيتىپ قۇرۇش قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئېلىپ باردى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ سەددىچىن سېپىلى شەرقتە لياۋدۇڭدىن باشلىنىپ، غەربتە گەنسۇغا تۇتىشىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 6300 كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، تارىختىن بۇيانقى سەددىچىن سېپىللىرى ئىچىدە ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ھەيۋەتلىك سېپىل ھېسابلىنىدۇ. شەرقىي بۆلىكىدىكى شەنخەيگۇەن قوۋۇقى شىمالىي چېگرا مۇداپىئەسىدىكى مۇھىم ئۆتكەل بولۇپ، قورغان سېپىسىنىڭ ھەر ئىككى تەرىپىگە بىردىن «بۈيۈك سانغۇن» دەپ ئاتالغان تۆمۈر زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان.




شەنخەيگۇەننىڭ شەرقىي شىمالىدىن 15 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى جيۇمېنكو سېپىلى مىڭ دەۋرىدە رېمونت قىلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن سەددىچىن سېپىلى ئۆتكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جيۇجياڭ دەرياسى جىلغىسىدىن ھالقىتىپ ياسالغان بولۇپ، ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە تەبىئىي توسۇقلۇق ئۆتكەلنى شەكىللەندۈرگەن.



شۈي گۇاڭچى
(1633 ـ 1562)

## شۈي گۇاڭچى ۋە «دېھقانچىلىق قامۇسى»

شۈي گۇاڭچى مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدىكى ئۇلۇغ ئالىم، ئاگرونوم. مىڭ سۇلالىسىنىڭ ۋەنلى يىللىرى ئىتالىيىلىك دىن تارقاتقۇچى ماتېئورس جۇڭگوغا كەلگەندىن كېيىن، ئىككىسى بىرلىكتە ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق تەتقىقاتىنى ئېلىپ بارغان ھەمدە «گېئومېترىيە قائىدىلىرى» دېگەن كىتابنى ئورتاق تەرجىمە قىلغان. شۈي گۇاڭچى ۋېنلەن كۇتۇپخانىسىنىڭ چوڭ ئۆلىمالىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، يەنىلا پۈتۈن زېھنىنى دېھقانچىلىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىشقا بېغىشلىغان. ئۇ 60 جىلدلىق، 700 نەچچە مىڭ خەتلىك «دېھقانچىلىق قامۇسى» دېگەن ئەسەرنى يېزىپ چىقىدۇ. بۇ كىتاب جۇڭگو قەدىمكى زامان دېھقانچىلىق ئىلمىغا ئائىت مۇكەممەل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.



«دېھقانچىلىق قامۇسى»



«كۆللى ماھارەت ئۆرنەكلىرى»دىكى رەخت توقۇش ماشىنىسى رەسىمى

«كۆللى ماھارەت ئۆرنەكلىرى»دىكى قاشتېشى سىلىقلاش رەسىمى

«كۆللى ماھارەت ئۆرنەكلىرى»دىكى گۈڭگۈرت كۆيدۈرۈپ ئېلىش رەسىمى



بۇ مىڭ دەۋرىدە كەشىپ قىلىنغان، دۇنيا بويىچە ئەڭ بالدۇرقى كۆپ ئوق بېشلىق پارتلىغۇچ ئارقىلىق ئېتىلىدىغان ئوق. نەچچە پارتلىغۇچ يا ئوقى بىر بامبۇك ئوقدانغا قاچىلانغان بولۇپ، ئوت يېقىلغاندىن كېيىن، خۇددى ھەرىلەر ئۇۋىسىدىن بىراقلا ئۇچۇپ چىققاندەك تەڭلا ئېتىلىدۇ. شۇڭا، ئۇ «بىر ئۇۋا ھەرە» دەپ ئاتالغان.

«بىر ئۇۋا ھەرە»



سۇڭ يىڭشىڭ
(1665 ～ 1587)

## سۇڭ يىڭشىڭ ۋە «كۆللى ماھارەت ئۆرنەكلىرى»

سۇڭ يىڭشىڭ مىڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر ئالىم. ئۇنىڭ «كۆللى ماھارەت ئۆرنەكلىرى» دېگەن كىتابى جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرگە داڭلىق پەن ـ تېخنىكا ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ كىتابتا رەسىمنى ئاساس قىلىپ، ئىنچام ۋە ئوبرازلىق تىل بىلەن ئېلىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكى ۋە قول ھۈنەرۋەنچىلىكىدىكى تۈرلۈك تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەتلىرى سىستېمىلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، دۇنيا پەن ـ تېخنىكا تارىخىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.



پوروخلۇق جەڭ ھارۋىسى

مىڭ دەۋرىدىكى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە جەڭ ھارۋىسى. ئۇ يالغۇز چاق ۋە پارتلىغۇچ ئارقىلىق ئېتىلىدىغان ئوق، پوروخلۇق قارا مىلتىق، نەيزە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئىككى ئادەم ماسلىشىپ ھەرىكەتلەندۈرىدۇ. ناھايىتى كۈچلۈك ھۇجۇم قىلىش كۈچىگە ئىگە.



ساپال ئوغرىتكەن

بۇ ئەڭ بالدۇرقى مىنا بولۇپ، ساپال لېيىدىن ئوغرىتكەن شەكلىدە ياسىلىپ خۇمدانىدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىچىگە پوروخ قاچىلىنىدۇ. پارتلىغاندىن كېيىن، ھەربىر بۆرجىكى ئۆلتۈرۈش ۋە يارىدار قىلىش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ.

# چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ گۈللىنىشى ۋە ئاجىزلىشىشى

مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، مانجۇلار تەدرىجىي كۈچىيىشكە باشلاپ، سەددىچىن سېپىد
لىنىڭ شىمالىي قىسمىدا مىڭ سۇلالىسى بىلەن تىركەشتى ھەمدە دۆلەت قۇرۇپ، دۆلەت نامىنى «چىڭ» دەپ
ئاتىدى. 1644 ـ يىل 5 ـ ئايدا، مىڭ سۇلالىسىنىڭ باشبۇغى ۋۇ سەنگۈي لى زىچېڭغا ھۇجۇم قىلىش ئۈ
چۈن، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنىدىن ياردەم تەلەپ قىلدى. نەتىجىدە، چىڭ سۇلالىسى قوشۇنى پۇرسەتتىن پايدى
لىنىپ، شەنخەيگۇەندىن كىرىپ، بېيجىڭنى ئىشغال قىلدى ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنى
قولغا كەلتۈرۈۋالدى. چىڭ ئىمپېرىيىسى جۇڭگودىكى ئاخىرقى فېئوداللىق سۇلالە ھېسابلىنىدۇ. كاڭشىدىن
تارتىپ چيەنلۇڭ يىللىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا، سىياسەت ئادىل بولۇپ، ئىقتىساد گۈللىنىپ، دۆلەت قۇدرەت
تاپتى. لېكىن، ھاكىممۇتلەقلىق سىياسىي تۈزۈلمىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى، بيۇروكرات تەبىقىلەرنىڭ خىيانەت
چىلىك قىلىشى ۋە چىرىكلىشىشىنىڭ ئەۋج ئېلىشى نەتىجىسىدە، دۆلەت ناھايىتى تېزلا گۈللىنىشتىن
زاۋاللىققا قاراپ يۈزلەندى. دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرۇپ كېلىۋاتقان ھالەتتىن بىردىنلا تۆۋەنلەپ
يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودالىق جەمئىيەتكە ئايلىنىپ قالدى.





چيەنلۇڭ
(1799 ~ 1711)



ساپ ئاق تۇغ

ساپ قىزىل تۇغ

ساپ كۆك تۇغ

سېرىق تۇغ

## چىڭ تەيزۇ نۇرخاچ

نۇرخاچ ئەسلىدە جيەنجۇ جۇرجىتلىرى باش-
لىقلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ باشقا قەبىلىلەرنى
بويسۇندۇرۇپ، جۇرجىتلارنىڭ ئەڭ
ئالىي ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزدى.
1616 ـ يىلى ئۇ كېيىنكى جىن
(ئالتۇن خانلىقى) سۇلالىسىنى
قۇردى، كەينىدىنلا لياۋدۇڭغا يۈرۈش
قىلىپ، مىڭ سۇلالىسى بىلەن
رەسمىي قارشىلاشتى. كېيىنكى بەش
يىل جەريانىدا، كېيىنكى جىن دۆ-
لىتىنىڭ قوشۇنلىرى ئۇدا غەلىبە
قىلىپ، جىنجۇنىڭ شىمالىدىكى
بارلىق رايونلارنى ئىشغال قىلىپ،
كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ھۆ-
كۈمرانلىق قىلىش ئۈچۈن تولۇق
تەييارلىق كۆردى.



نۇرخاچ
(1626 ~ 1559)



كاڭشى
(1722 ~ 1654)

كاڭشى چىڭ سۇلالىسىدىكى مەشھۇر پادىشاھ.
ئۇ رەسمىي ھاكىمىيەت باشقۇرغاندىن كېيىن، ئالدى
بىلەن ئىچكى مالىمانچىلىقنى تىنچىتىپ، تەيۋەننى
قايتۇرۇۋېلىپ، چىڭ سۇلالىسى ھاكىمىيىتىنى مۇس-
تەھكەملىدى. ئۇ يەنە ئۆزى قوشۇن باشلاپ، موڭ-
غۇللارنىڭ توپىلىڭىنى تىنچىتتى. ئەمەلدارلىق ئىم-
تىھانى تۈزۈمىدىن ئاكتىپ پايدىلىنىپ، خەنزۇ زىيا-
لىيلىرىنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلاشتۇردى؛
بوزيەر ئۆزلەشتۈرگەنلەرنى مۇكاپاتلاپ، سۇ ئىنشائات
قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇپ، باج ـ سېلىقنى
ئازايتتى. بۇ تەدبىرلەر «كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ يىللىرى-
دىكى گۈللىنىش» ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

## سەككىز قوشۇنلۇق تۈزۈم

سەككىز قوشۇنلۇق تۈزۈم نۇرخاچ دەۋ-
رىدىن باشلانغانىدى. ئۇ جۇرجىتلارنىڭ
نىرو تۈزۈمىگە ئاساسەن، يېڭى بىر خىل
تۈزۈمنى لايىھىلەپ چىقتى. بۇنىڭدا، 300
ئادەم بىر نىرو، بەش نىرو بىر جالا، بەش
جالا بىر قوشۇن قىلىپ بەلگىلەندى. قو-
شۇن يەنە تۇغ دەپمۇ ئاتىلاتتى. ئەڭ دەس-
لەپتە نۇرخاچنىڭ تۆت قوشۇنى بار بولۇپ،
ئۇلار ئايرىم ـ ئايرىم سېرىق، ئاق، كۆك،
قىزىل تۇغلارغا تەۋە قىلىنىدى. كېيىن، يەنە
جىيەكلىك سېرىق تۇغ، جىيەكلىك ئاق تۇغ،
جىيەكلىك كۆك تۇغ، جىيەكلىك قىزىل
تۇغدىن ئىبارەت تۆت تۇغ قوشۇلۇپ،
سەككىز تۇغلۇق قوشۇنغا ئايلاندى.
سەككىز قوشۇن ھەم مەمۇرىي ئىشلار
بىرلىكى، ھەم ھەربىي ئىشلار بىرلىكى
ئىدى. چىڭ سۇلالىسى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك-
تە ھۆكۈمرانلىق ئورنىتىشتا سەككىز قو-
شۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقىغا تايانغانىدى.

«گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئاۋاتلىق» (بىر
قىسمى)دا سۇجۇدىكى ئاۋات بازار مەنزى-
رىسى جانلىق تەسۋىرلەنگەن.



## كاڭشى ۋە چيەنلۇڭ يىللىرىدىكى گۈللىنىش

كاڭشى، يۇڭجېڭ، چيەنلۇڭدىن ئىبارەت
ئۈچ پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە،
پادىشاھ ھەربىي ھوقۇقنى ۋە سىياسىي ھوقۇقنى
ئۆز قولىدا تۇتتى. ئۇلار مىللىي زىددىيەتنى ۋە
سىنىپىي زىددىيەتنى پەسەيتىدىغان بىر قاتار تەد-
بىرلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەت تىنچلىقى ۋە مۇ-
قىملىقىنى خېلى ئۇزاق مەزگىللەرگىچە ساقلىدى. تېرىلغۇ
يەرلەرنىڭ زور كۆلەمدە كۆپىيىشى ۋە شەھەر ـ بازار ئىقتى-
سادىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نوپۇسمۇ
100 مىليوندىن ئاشتى. نەتىجىدە، چىڭ سۇلالىسى دۆلەت كۈچى قۇدرەت تاپ-
قان، دۇنيانىڭ شەرقىدە مەزمۇت قەد كۆتۈرگەن چوڭ ئىمپېرىيىگە ئايلاندى.

سۇجۇ مىڭ دەۋرىدىلا مەملىكەت بويىچە ئۈچ چوڭ يىپەك ئىش-
لەپچىقىرىش مەركىزىنىڭ بىرىگە ئايلانغانىدى. «كاڭشى ۋە چيەن-
لۇڭ يىللىرىدىكى گۈللىنىش» مەزگىلىدە، بۇ قەدىمىي سودا شە-
ھىرى تېخىمۇ گۈللىنىپ، چاڭجياڭنىڭ جەنۇبىدىكى ئەڭ چوڭ
ئىقتىسادىي مەركەزگە ئايلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئەپيۇن ئۇرۇشى



ئەپيۇن ئۇرۇشىدا ئەنگلىيە ئارمىيىسى ئىلد-
ىنىڭ داجياڭ، شاجياۋ زەمبىرەك سوپىلىرىنى
ا تۇتتى.

19 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەنگلىيە باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرى جۇڭگونىڭ بازارلىرىنى ئېچىشقا ئالدىراپ، كۆپلەپ ئەپيۇن كىرگۈزۈش ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ كۈمۈشلىرىنى بۇلاشقا كىرىشتى. ئەپيۇننىڭ زەھەرلىشى، چىڭ سۇلالىسى بيۇروكرات ئەمەلدارلىرىنىڭ تېخىمۇ چىرىكلىشىشى سەۋەبىدىن، قوشۇن جەڭگىۋارلىقىنى يوقىتىپ، خەلق كۈن كەچۈرەلمەس ھالغا چۈشۈپ قالدى. پادىشاھ داۋگۇاڭ لىن زېشۈينى خان مۇپەتتىشى قىلىپ، ئەپيۇننى مەنئى قىلىشقا گۇاڭجۇغا ئەۋەتتى. 1840 ـ يىل 6 ـ ئايدا، ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ئەنگلىيە سودىگەرلىرىنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ـلگەن ئۇرۇش كېمىلىرى ۋە ئەسكەرلەرنى ئەۋەتىپ، دىڭخەي، جېنخەي ۋە نەنجىڭ قاتارلىق جايلارنى ئىشـ قىلىۋالدى. مانا بۇ 1 ـ قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى. بۇ قېتىملىق ئۇرۇش جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملـ ـە ئايلىنىشىنىڭ باشلىنىشى، شۇنداقلا جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىنىڭ باشلىنىشى بولدى. 1856 ـ يـ ـە ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە بىرلىشىپ 2 ـ قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن، ـڭگونىڭ تاموژنىنى كونترول قىلىش ھوقۇقى چەت ئەللىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى.



لىن زېشۈي (1785 ~ 1850)

لىن زېشۈي چىڭ دەۋرىدە ئەپيۇننى چەكلەش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان مىللىي قەھرىمان. ئۇ خۇبېي ـ خۇنەن باش ۋالىيسى بولغان مەزگىلدە، ئەپيۇن كىرگۈزۈشنى بار كۈچى بىلەن چەكلىگەن. 1839 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئۇ بۇيرۇق چۈشۈرۈپ 20 مىڭ ساندۇقتىن ئارتۇق ئەپيۇننى خۇمېن ساھىلىدا كۆيدۈرۈۋەتكەن.

## يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى

1840 ـ يىلدىن 1860 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىككى قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى ئاجىزلىقى ۋە ئىقتىدارسىزلىقىنى ئاشكارىلاپ، ئەنگلىيە، فرانسىيە، روسىيە، ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن كۆپ قېتىم يەر كېسىپ بېرىپ تۆلەم تۆلەشتىن ئىبارەت تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالىدى. لېكىن، جاھانگىر دۆلەتلەر يەنىلا قەدەممۇقەدەم قىستاپ كېلىۋەردى. 1860 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئەنگلىيە ـ فرانسىيە بىرلەشمە ئارمىيىسى تيەنجىندىكى داگۇكۇ ئېغىزىدىن بېيجىڭگە ھۇجۇم قىلىپ كىردى. پادىشاھ شيەنفېڭ رېخېغا قاچتى. تاجاۋۇزچى قوشۇن يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىغا كىرىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز بايلىق ۋە ئاسارەئەتىقەلەرنى بۇلاپ بولغاندىن كېيىن، باغچىدىكى ئىمارەتلەرگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. بۇ يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ نومۇسلۇق بىر سەھىپە.



خارابىلىككە ئايلانغان يۈەنمىڭيۈەن باغچىسىدا جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگودا ئۆتكۈزگەن غايەت زور جىنايەتلىرى خاتىرىلەنگەن.



سىشى تەيخۇ
(1835 ~ 1908)



ـڭ سۇلالىسىنىڭ
ئاخىرقى پادىشاھى پۇيى
(1906 ~ 1967)



چىڭ ئىمپېرىيىسىنىڭ ئەجدىھا كەشتىلىك سېرىق تۇغى

## ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى

ئەپيۇن ئۇرۇشىدىكى مەغلۇبىيەت ئارقىلىق، چىڭ سۇلالىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ، غەربنىڭ پەن ـ تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇر بولدى ھەمدە چەت ئەللەرگە ئوقۇغۇچى چىقىرىشقا باشلىدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن باشلاپ، زېڭ گوفەن، لى خۇڭجاڭ، زو زۇڭتاڭ قاتارلىقلار ھەربىي ئەسلىھەلەر ئورنى، فۇجۇ كېمە سازلىق زاۋۇتى قاتارلىقلارنى بەرپا قىلىپ، ھەربىي سانائەتنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى. 70 ـ يىللاردىن كېيىن ھەربىي سانائەتنى چۆرىدىگەن ھالدا تۆمۈريول، خەۋەرلىشىش كەسپى، كۆمۈر سانائىتى قاتارلىقلار قۇرۇلدى. مۇشۇ ئاساستا چىڭ ھۆكۈمىتى جەنۇبىي ئوكيان دېڭىز ئارمىيىسى، شىمالىي دېڭىز ئارمىيىسى ۋە فۇجيەن دېڭىز ئارمىيىلىرىنى قۇردى. لېكىن، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ چىرىكلىكى تۈپەيلى، ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى جياۋۇ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ياپونىيە دېڭىز ئۇرۇشىدا جۇڭگونىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى.



ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن زو زۇڭتاڭ فۇجيەندە قۇرغان كېمىسازلىق زاۋۇتى

## سىشى تەيخۇ

سىشىنىڭ فامـ
ـىسى يېخېنارا بولۇپ، ئۇ پادىشاھ شيەنفېڭگە بىر ئو-
ـۇل تۇغۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئەتىۋارلىق كىچىك خا-
ـشلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن. شيەنفېڭ كېسەل بو-
ـۇپ ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ گۇڭچىنۋاڭ بىلەن بىرلە-
ـىپ سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، ئوردا ئىشلىرىنى
ـاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، خالىغانچە ھاكىممۇتلەقلىق
ـۈرگۈزدى. ئۇ ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان 40 يىلدىن
ـارتۇق ۋاقىت ئىچىدە چىڭ ھۆكۈمىتى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ،
ـگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇنىڭ
ـۇسقۇنلۇق قىلىشى تۈپەيلى، پادىشاھ گۇاڭشۇ رىياسەتچىلىك قىلغان
ـۇشۈي يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىشمۇ مەغلۇپ بولدى.

# يېقىنقى زاماندىكى ۋەزىيەت



ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، غەربتىكى جاھانگىر دۆلەتلەر چىڭ ھۆكۈمىتىنى تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، قورال كۈچىگە تايىنىپ جۇڭگونىڭ دەرۋازىسىنى ئاچتى. چىڭ ھۆكۈمىتى ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىنى يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر بولدى. لېكىن، جياۋۇ يىلىدىكى جۇڭگو ـ ياپونىيە ئۇرۇشىدىن كېيىن، ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتى مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى. كېيىن، گۇاڭشۈخان كاڭ يۈۋېينىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىشنى يولغا قويدى. سىشى تەيخۇنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلى، قانۇن ئۆزگەرتىشمۇ يېرىم يولدا مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا غەربتىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىشقا كىرىشكەن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى خەلقنىڭ نەزىرىدىن تامامەن چۈشۈپ قالدى. 1911 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، شىنخەي ئىنقىلابى پارتلىدى، جۇڭگونىڭ فېئودال مۇستەبىتلىك پادىشاھلىق تۈزۈممۇ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.



## چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇپ ۋەتەننى قۇتقۇزۇش

ئەجنەبىيچىلىك ھەرىكىتىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، چىڭ ھۆكۈمىتى غەربچە مائارىپنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىدى. رۇڭ خۇڭنىڭ تەكلىپ بېرىشى، دىڭ رىچاڭ، زېڭ گوفەن، لى خۇڭجاڭلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشى بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى 1872 ـ يىلى 30 ئۆسمۈرنى ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇشقا ئەۋەتتى. كېيىنكى ئۈچ يىل ئىچىدە يەنە ئۈچ تۈركۈم ئوقۇغۇچىنى ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن جەمئىي 120 ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلدى. ئەمما، كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشى سەۋەبىدىن، كېيىن بۇ پىلاننى داۋاملاشتۇرغىلى بولمىدى.



چىڭ ھۆكۈمىتى چەت ئەلگە چىقىپ ئوقۇشقا ئەۋەتكەن تۇنجى تۈركۈمدىكى ئوقۇغۇچىلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە كېيىن مىللىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇنجى زۇڭلىسى بولغان تاڭ شاۋيى ۋە مەشھۇر تۆمۈر يول مۇتەخەسسىسى جېيەن تيەنيۇلارمۇ بار.



تەن سىتوڭ (1865 ~ 1898)
قانۇن ئۆزگەرتىش مەغلۇپ بو
غاندىن كېيىن، تەن سىتوڭ قانۇ
ئۆزگەرتىش ئىشىغا ئۆزىنى ئاتا
قارارىغا كېلىپ، چەت ئەلگە چىقى
كېتىشنى رەت قىلدى. ئۆلۈم جاز
سى ئىجرا قىلىنىش ئالدىدا، ئ
«مۇناپىقلارنى يوقىتىپ، جاھانن
تۈزەشكە ئىرادە باغلىغانىدىم، ئەم
ئاجىزلىق قىلدىم. مەن قەدىر
قىممىتىم بىلەن ئۆلۈۋاتىمەن، ب
نېمىدېگەن راھەت» دېگەن ۋىدال
شىش سۆزىنى يېزىپ قالدۇردى.

## جياۋۇ ئۇرۇشى

1894 ـ يىلى (قەمەرىيە جياۋۇ يىلى «ئات يىلى») ئەتىيازدا، چىڭ سۇلالىسى لەشكەر ئەۋەتىپ، چاۋشيەندىكى دۇڭشۇەداڭچىلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشقا ياردەملەشتى. ياپونىيە پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاۋشيەنگە تاجاۋۇز قىلىشقا قوشۇن ئەۋەتتى ھەمدە جۇڭگونىڭ ترانسپورت كېمىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 8 ـ ئايدا، چىڭ ھۆكۈمىتى ياپونىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، ئۈچ قېتىملىق قاتتىق ئېلىشىش جەريانىدا، چىڭ قوشۇنلىرى كەينى ـ كەينىدىن يېڭىلدى. شۇنىڭ بىلەن، چىڭ ھۆكۈمىتى ئۇرۇش توختىتىپ سۈلھى قىلىشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە 1895 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان جۇڭگو ـ ياپونىيە «سىمونوسېكى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلىنى ۋە پۈتۈن تەيۋەن ئارىلىنى كېسىپ بېرىش، ياپونىيەگە 200 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەش قاتارلىق ماددىلارنى ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ئەڭ نومۇسلۇق شەرتنامە ئىدى.

## ۋۇشۇي يىلىدىكى قانۇن ئۆزگەرتىش



دېڭ شىچاڭ
(1849 ~ 1894)

جياۋۇ ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كاڭ يۈۋېي باشچىلىقىدىكى يېڭىلىقچى كۈچۈش تەرەپدارلىرى قانۇن ئۆزگەرتىشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى. كاڭ يۈۋېي پادىشاھ گۇاڭشۈگە كۆپ قېتىم مەكتۇپ سۇنۇپ، قانۇن ئۆزگەرتىش پروگراممىسىنى بايان قىلىپ، غەربتىن ئۆگىنىشنى، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇنلۇق تۈزۈمنى يولغا قويۇپ، ئۆزئالدىغا قۇدرەت تېپىش ئارقىلىق جۇڭگونى خەتەرلىك ئەھۋالدىن قۇتۇلدۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1898 ـ يىل (ۋۇشۇي يىلى) 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، گۇاڭشۈ يېڭىلىقچى كۈچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، قانۇن ئۆزگەرتىش پەرمانىنى ئېلان قىلدى. لېكىن، گۇاڭشۈنىڭ يېڭى سىياسىتى كونىلىق تەرەپدارلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا، شۇنداقلا سىشى تەيخۇنىڭ ھەسەتخورلۇق قىلىشىغا ئۇچرىدى. 9 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى، سىشى تەيخۇ گۇاڭشۈنى نەزەربەند قىلدى ھەمدە يېڭىلىقچى كۈچۈش تەرەپدارلىرىنىڭ غوللۇق كىشىلىرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاختۇرۇپ تۇتۇشقا كىرىشتى. كاڭ يۈۋېي، لياڭ چىچاۋلار ياپونىيىگە قېچىپ كەتتى، تەن سىتوڭ، ياڭ شېنشيۇ قاتارلىق «ئالتە ئەزىمەت» زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى. «03 كۈنلۈك يېڭىلىقچى كۈچۈش» ھەرىكىتى شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلاشتى.

جياۋۇ يىلىدىكى سېرىق دېڭىز ئۇرۇشىدا، شىمالىي دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ سەركەردىسى دېڭ شىچاڭ «جىيۈەن» ناملىق ئۇرۇش پاراخوتىنى باشلاپ قەھرىمانلارچە جەڭ قىلدى. بۇ پاراخوت ئېغىر زەخىملەنگەن ئەھۋال ئاستىدا، تېز سۈرئەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ دۈشمەن پاراخوتىغا سوقۇلماقچى بولدى، لېكىن پاراخوتقا سۇ مىناسى تېگىپ، پاراخوتتىكى بارلىق سەركەردە ۋە لەشكەرلەر قەھرىمانلارچە قۇربان بولدى.



www.uyghurkitap.com



## ئىنقىلاب پېشۋاسى سۇن جۇڭشەن



سۇن جۇڭشەن
(1866 ~ 1925)

سۇن جۇڭشەننىڭ ئىسمى ۋېن، لەقىمى يىشيەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ جاڭشەن ناھىيىسىدىن. ئۇ شياڭگاڭدىكى غەربچە تېبابەت ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، گۇاڭجۇ، ئاۋمېنلاردا دوختۇرلۇق قىلىپ يۈرگەن چاغلىرىدىلا ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرىنى باشلىغانىدى. 1894 ـ يىلى ئۇ تەنشياڭشەنگە بېرىپ جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش جەمئىيىتى (شىڭجۇڭخۇي)نى قۇرۇش توغرىسىدا ئالاقە ئورنىتىپ، چىڭ سۇلالىسىگە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى ئاشكارا كۆتۈرۈپ چىقتى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ گۇاڭجۇ قوزغىلىڭى ۋە خۇيجۇ قوزغىلىڭىنى پىلانلىدى ۋە قوزغىدى، لېكىن ھەر ئىككىسىدىلا مەغلۇپ بولدى، شۇڭا كۆپ قېتىم چەت ئەللەرگە قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. 1905 ـ يىلى 8 ـ ئايدا، جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۇنجى ئىنقىلابىي سىياسىي پارتىيىسى ــ جۇڭگو ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى ياپونىيىدە قۇرۇلدى، سۇن جۇڭشەن زۇڭلىلىققا سايلاندى. ئۇ ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى ئۈچۈن تۈزۈپ بەرگەن مىللەت، خەلق ھوقۇقى، خەلق تۇرمۇشىنى تەشەببۇس قىلىدىغان «ئۈچ مەسلەك» جۇڭگو بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ پروگراممىسىغا ئايلاندى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى گومىنداڭغا ئۆزگەرتىلدى. 1925 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، سۇن جۇڭشەن كېسەل سەۋەبىدىن بېيجىڭدا ۋاپات بولدى.


大總統誓詞
傾覆滿洲專制政府鞏固中華民國圖謀
民生幸福此國民之公意文實遵之以忠
於國為眾服務至專制政府既倒國內無變
亂民國卓立於世界為列邦公認斯時文
當解臨時大總統之職謹以此誓於國民
中華民國元年元旦 孫文

جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغاندا سۇن جۇڭشەن ئۆز قولى بىلەن يازغان «دازۇڭتۇڭ قەسەمنامىسى»



شىنخەي ئىنقىلابىي ئارمىيىسى ۋۇچاڭغا ھۇجۇم قىلماقتا.



ۋۇچاڭ قوزغىلىڭى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئىنقىلابىي ئارمىيە ۋۇخەندە جۇڭخۇا مىنگو ھەربىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى.

## شىنخەي ئىنقىلابى

قەمەرىيە شىنخەي يىلى (1911 ـ يىلى)، سۇن جۇڭشەن رەھبەرلىكىدىكى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى خۇبېيدىكى يېڭى ئارمىيە بىلەن ماسلىشىپ، 10 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ۋۇچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشنى قارار قىلدى. كېيىن، ۋەزىيەتتە ئۆزگىرىش يۈز بەرگەنلىكتىن، قوزغىلاڭ 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىگە كېچىكتۈرۈلدى. 10 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئىنقىلابىي ئارمىيە باش ۋالىي مەھكىمىسىگە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، ۋۇچاڭ شەھىرىنى تېزلا ئىشغال قىلدى ھەمدە خۇبېي ھەربىي ھۆكۈمىتىنى قۇردى. ۋۇچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، ھەرقايسى جايلار كەينى ـ كەينىدىن قوزغىلاڭغا ئاۋاز قوشۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلىدى، چىڭ سۇلالىسىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ گۇمران بولۇشقا يۈزلەندى. 1912 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭخۇا مىنگو رەسمىي قۇرۇلۇپ، سۇن جۇڭشەن نەنجىڭدە قەسەم بېرىپ ۋاقىتلىق دازۇڭتۇڭ بولدى. 2 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پۇيى تەختتىن چۈشتى. جۇڭگونىڭ نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمى ئاخىر ئۆزۈل ـ كېسەل يىمىرىلدى.

1919 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئالىي مائارىپ ئىنستىتۇتى قاتارلىق 13 مەكتەپنىڭ 3000دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىسى تيەنئەنمېن ئالدىدا يىغىلىش ئۆتكۈزدى. ئۇلار «شەندۇڭنى قايتۇرۇۋالايلى»، «جىڭداۋنى قايتۇرۇۋالايلى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان رەڭلىك بايراقچىلارنى كۆتۈرۈپ، يۇقىرى ئاۋازدا شوئار توۋلاپ، «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچتى.





بېيجىڭدىكى «4 ـ ماي» ھەرىكىتى خاتىرە مۇنارى

## «4 ـ ماي» ھەرىكىتى

1919 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 6 ـ ئايغىچە، 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا غەلىبە قىلغان دۆلەتلەر (ئانتانتا دۆلەتلىرى) بىلەن ئۇرۇشتا مەغلۇپ بولغان دۆلەتلەر (ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر) فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە تىنچلىق يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئانتانتا دۆلەتلىرى گۇرۇھى جۇڭگونىڭ ئاساسلىق ھوقۇقىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇرۇش مەزگىلىدە ياپونىيە گېرمانىيىدىن تارتىۋالغان ئېلىمىزنىڭ شەندۇڭ رايونىدىكى تۈرلۈك ئىمتىيازلارنىڭ ھەممىسىنى ياپونىيىگە ئۆتكۈزۈپ بەرمەكچى بولدى. ئەينى ۋاقىتتا چىرىكلەشكەن، ئىقتىدارسىز شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمىتىمۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويماقچى بولدى. شۇنىڭ بىلەن، «تاشقى جەھەتتە دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى قايتۇرۇۋېلىش، ئىچكى جەھەتتە ۋەتەن خائىنلىرىنى جازالاش»تىن ئىبارەت بىر مەيدان ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى قوزغالدى. مانا بۇ مەشھۇر «4 ـ ماي» ھەرىكىتى.

# تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر



1840 ـ يىلىدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن تارتىپ، 1949 ـ يىلى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانغا قەدەر بولغان ۋاقىت جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ھاقارەتلىك 100 نەچچە يىل ھېسابلىنىدۇ. ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، كۈچلۈك جاھانگىر دۆلەتلەر زەئىپلەشكەن چىرىك چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى مەجبۇرىي تېڭىپ، جۇڭگونىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئىتىگە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، جۇڭگونى ھەددى ـ ھېسابسىز بالايىئاپەتكە ۋە تۈگىمەس ھاقارەتكە دۇچار قىلدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن تارتىپ، روسىيە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن «جۇڭگو ـ روسىيە ئەنخۇي شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى»، «جۇڭگو ـ روسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسى»، «ئىلى شەرتنامىسى»، «شىنچيۇ شەرتنامىسى» قاتارلىق شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، جۇڭگونىڭ كۆپلىگەن زېمىنىنى ئىگىلىۋالدى ھەمدە لۈيشۈن ۋە دالىيەننى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، جۇڭگونىڭ سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالى ۋە شىنجاڭ رايونىنى ئۆزىنىڭ «تەسىر دائىرىسى»گە كىرگۈزۈۋالدى.




1895 ـ يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى لى خۇڭجاڭنى سۈلھىلىشىش ۋەزىرى قىلىپ، ياپونىيىنىڭ سىمونوسېكى شەھىرىگە ئەۋەتىپ، 4 ـ ئايدا جۇڭگو ـ ياپونىيە «سىمونوسېكى شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇر بولدى.

«سىمونوسېكى شەرتنامىسى»دا، چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، تەيۋەن، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى ياپونىيەگە كېسىپ بېرىشى، ياپونىيەگە 200 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلىشى، چۇڭچىڭ، شاجۇ، سۇجۇ، خاڭجۇلارنى سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىشى، سودا ئېغىزلىرىدا ياپونىيىنىڭ زاۋۇت قۇرۇشىغا رۇخسەت قىلىشى بەلگىلەندى.

## جۇڭگودا سودا پورتلىرىنى ئېچىش

جاھانگىر دۆلەتلەر تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ گۇاڭجۇ، شيامېن، نىڭبو، فۇجۇ، شاڭخەي، تەيۋەن، خەنكۇ، جيۇجياڭ، نەنجىڭ، جېنجياڭ، تيەنجىن، شاسى، چۇڭچىڭ، سۇجۇ، خاڭجۇ قاتارلىق جايلىرىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سودا پورتلىرىنى ئاچتى. ئۇلار سودا پورتلىرىدا ئىجارىگە ئېلىش، ئولتۇرۇش، سودا قىلىش، دىن تارقىتىش، سودا بېجىنى كېمەيتىش ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھەتتا ھەربىي پاراخوتلىرى بىلەن سودا پاراخوتلىرىمۇ سودا پورتلىرىدا ئەركىن قاتنايدىغان بولدى. جۇڭگونىڭ تاموژنا ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە باج ئېلىش ھوقۇقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

1897 ـ يىل 3 ـ ئايدا، گېرمانىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنى «جياۋجۇ قولتۇقىنى ئىجارىگە ئېلىش شەرتنامىسى»نى ئىمزالاشقا مەجبۇرلاپ، جياۋجۇ قولتۇقى ۋە قولتۇق ئىچىدىكى ھەرقايسى ئاراللارنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، ئىجارە مۇھلىتىنى 99 يىل قىلىپ بېكىتتى ھەمدە شەندۇڭنى ئۆزىنىڭ «تەسىر دائىرىسى»گە كىرگۈزۈۋالدى.

19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، ئامېرىكا «ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودىكى «تەسىر دائىرىسى»نى ۋە قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئىمتىيازلىرىنى ئېتىراپ قىلدى ھەمدە ھەرقايسى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگودا ئېرىشىدىغان ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنىڭ باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلدى. بۇ سىياسەتنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگونى بۆلۈشۈۋېلىش ئەسەبىيلىكىنى قايتىدىن قوزغاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە جاھانگىرلارنىڭ جۇڭگونى تالان ـ تاراج قىلىش ئىتتىپاقىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدىن دېرەك بەردى.

## جوڭگونىڭ زېمىننى كېسىۋېلىش

1840 ـ يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن كېيىن، جاھانگىر دۆلەتلەر چىڭ ھۆكۈمىتىگە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى مەجبۇرىي تېڭىپ، جوڭگونىڭ كۆپلىگەن زېمىنىنى كېسىۋالدى. بۇ شەرتنامىلەر ئارقىلىق، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەر جوڭگونىڭ شياڭگاڭ ئارىلى، جيۇلۇڭ مەھكىمىسى رايونى، تەيۋەن، لياۋدۇڭ يېرىم ئارىلى، پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرى قاتارلىق زېمىنلىرىنى ئۇزاق مەزگىلگىچە ئىگىلىۋالدى؛ جوڭگونىڭ شەرقىي شىمال، شىمال ۋە غەربىي شىمالدىكى كەڭ زېمىنلىرى روسىيە تەرىپىدىن مەڭگۈلۈككە كېسىۋېلىندى، جوڭگونىڭ زېمىن پۈتۈنلۈكى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. بۇنىڭ بىلەنلا قالماي، ئۇلار يەنە جوڭگونىڭ جياۋجۇ قولتۇقى، لۈيشۈن، دالىيەن، ۋېيخەيۋېي قاتارلىق جايلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، جوڭگودا ئۆزلىرى خالىغانچە ھەيۋە قىلىدىغان «تەسىر دائىرىسى»نى بۆلۈۋالدى.

چارروسىيە 1860 ـ يىلىدىكى «جوڭگو ـ روسىيە بېيجىڭ شەرتنامىسى» ۋە 1964 ـ يىلىدىكى «جوڭگو — روسىيە غەربىي شىمال چېگرىنى تەكشۈرۈپ ئايرىش شەرتنامىسى» ئارقىلىق، جوڭگونىڭ 440 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر زېمىنىنى كېسىۋالدى.

## جوڭگودىن تۆلەم تەلەپ قىلىش

جاھانگىر دۆلەتلەر جوڭگو زېمىنىنى ئىگىلىۋالغاندىن سىرت، يەنە تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەر ئارقىلىق، چىڭ ھۆكۈمىتىدىن نۇرغۇن ئۇرۇش تۆلىمى تەلەپ قىلدى. بۇ شەرتنامىلەر: جوڭگو ـ ئەنگلىيە «نەنجىڭ شەرتنامىسى»، جوڭگو ـ ئەنگلىيە، جوڭگو ـ فرانسىيە «تيەنجىن شەرتنامىسى»، جوڭگو ـ ئەنگلىيە، جوڭگو ـ فرانسىيە «بېيجىڭ شەرتنامىسى»، جوڭگو ـ ياپونىيە «سىمونوسېكى شەرتنامىسى»، «شىنچيۇ شەرتنامىسى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. جاھانگىر دۆلەتلەر شەرتنامىلەر ئارقىلىق نۇرغۇن تۆلەم پۇلىغا ئېرىشتى، نەتىجىدە جوڭگونىڭ كۆپ مىقداردا كۈمۈش سىرتقا ئېقىپ كەتتى. بولۇپمۇ «سىمونوسېكى شەرتنامىسى» بىلەن «شىنچيۇ شەرتنامىسى» جوڭگونىڭ خەلق ئىگىلىكىنى تامامەن دېگۈدەك ۋەيران قىلىپ، جوڭگو خەلقىنى ئېغىر قەرز گىردابىغا چۈشۈرۈپ قويدى.




1901 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، چىڭ ھۆكۈمىتى روسىيە، ئامېرىكا، ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق 11 دۆلەت بىلەن مىسلىسىز دەرىجىدە ئىگىلىك ھوقۇقىنى يوقىتىپ، دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان «شىنچيۇ شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. شەرتنامىدە، چىڭ ھۆكۈمىتى جاھانگىر دۆلەتلەرگە 450 مىليون سەر كۈمۈش تۆلەم تۆلەش، بېيجىڭدىن تارتىپ شەنخەيگۇەنگىچە بولغان تۆمۈريول لىنىيىلىرىگە جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەر ئەۋەتىپ تۇرغۇزۇشىغا رۇخسەت قىلىش بەلگىلەندى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جوڭگو پۈتۈنلەي يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەت گىردابىغا چۈشۈپ قالدى.



فرانسىيە جوڭگوغا قارىتا كۆپ قېتىم تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، چىڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ «خۇاڭپۇ شەرتنامىسى»، «تيەنجىن شەرتنامىسى»، «بېيجىڭ شەرتنامىسى»، «جوڭگو ـ فرانسىيە يېڭى شەرتنامىسى»، «شىنچيۇ شەرتنامىسى» قاتارلىق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، جوڭگودا كۆپلىگەن ئىمتىيازلارنى قولغا كەلتۈرۈۋالدى. ئۇلار يەنە گۇاڭجۇ قولتۇقىنى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەرنى ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسىگە ئايلاندۇرۇۋالدى.

1840 ـ يىلى ئەنگلىيە ئالدى بىلەن جوڭگوغا تاجاۋۇز قىلىدىغان ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى، كېيىندىن 2 ـ قېتىملىق ئەپيۇن ئۇرۇشىنى قوزغىدى. ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، چىڭ سۇلالىسى بىلەن «نەنجىڭ شەرتنامىسى»، «تيەنجىن شەرتنامىسى»، «بېيجىڭ شەرتنامىسى»، «شىنچيۇ شەرتنامىسى» قاتارلىق شەرتنامىلەرنى ئىمزالاپ، جوڭگونىڭ شياڭگاڭ ئارىلىنى كېسىۋېلىپ، «يېڭى چېگرا» ۋە ۋېيخەيۋېينى زورلۇق بىلەن ئىجارىگە ئېلىۋېلىپ، تەسىر دائىرىسىنى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىغا كېڭەيتتى.



www.uyghurkitap.com

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ــ جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، شۇنداقلا جۇڭگو خەلقى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى. ئۇ 1921 ـ يىلى قۇرۇلغاندىن بۇيان، مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلىپ زورايدى. يەنە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى ھەمدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچى پارتىيىگە ئايلاندى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ھازىر 60 مىليوندىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسى بار بولۇپ، دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان چوڭ سىياسىي پارتىيە ھېسابلىنىدۇ.



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 2 ـ قۇرۇلتىيىدا ما... قوللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ خىتابنامىسى»



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 1 ـ قۇرۇلتىيىغا كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالدىن ئىككى ۋەكىل قاتناشتى.



پارتىيە بايرىقى

ئورغاق بىلەن بولقا دېھقانلار بىلەن ئىشچىلارنى ئىپادىلىگەن بولۇپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جاپاكەش ئىشچى ـ دېھقانلار ئاممىسىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى ئىكەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان.




## ئۈچ چوڭ جەڭ

1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدىن 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى گومىنداڭ ئارمىيىسى بىلەن ئوموميۈزلۈك ھەل قىلغۇچ جەڭنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇدا ئۈچ چوڭ جەڭنى ئېلىپ باردى. يەنى لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەنلەر قوماندانلىقىدىكى لياۋنىڭ شېنياڭ جېڭى، دېڭ شياۋپىڭ، لىيۇ بوچېڭ، چېن يىلار قوماندانلىقىدىكى خۇيخەي جېڭى ۋە لىن بياۋ، لو رۇڭخۇەنلەر قوماندانلىقىدىكى بېيپىڭ ـ تيەنجىن جېڭى. ئۈچ چوڭ جەڭ 142 كۈن داۋاملىشىپ، گومىنداڭ ئارمىيىسىنىڭ 1 مىليون 540 مىڭ ئادىمىنى يوقىتىش ئارقىلىق، گومىنداڭنىڭ ئاساسلىق ھەربىي كۈچىنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتتى. شەرقىي شىمال، شىمالىي جۇڭگو ۋە چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلارنى ئازاد قىلىپ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن مەملىكەتنى ئازاد قىلىشى ئۈچۈن ئاساس ھازىرلاپ بەردى.

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

1920 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە، روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋە جۇڭگودىكى «4 ـ ماي» ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىدە، شاڭخەي، بېيجىڭ، ۋۇخەن، چاڭشا، گۇاڭجۇ قاتارلىق جايلاردا كەينى ـ كەينىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى. 1921 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى ھەرقايسى جايلاردىكى كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ دەسلەپكى تەشكىلاتلىرىنىڭ 53 ئەزاسى تاللاپ ئەۋەتكەن 13 ۋەكىل شاڭخەيدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەملىكەتلىك 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى. ماۋ زېدۇڭ چاڭشا تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتناشتى. چېن دۇشيۇ باۋ خۇيسېڭنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن يىغىنغا قاتنىششقا ئەۋەتتى. قۇرۇلتايدا پارتىيىنىڭ تۇنجى پروگراممىسى ماقۇللىنىپ، چېن دۇشيۇ مەركىزىي بيۇرونىڭ شۇجىلىقىغا سايلاندى.



قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەر لىنىيىسى

رۈيجىن

## نەنچاڭ قوزغىلىڭى

1927 ـ يىلى ئەتىيازدا، جياڭ جيېشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىگە ئاشكارا قارشى تۇرۇپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنى قىردى، گومىنداڭ بىلەن كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ھەمكارلىقى بۇزۇلدى. 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كونتروللۇقىدىكى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئارمىيىسىنىڭ 20 مىڭدىن ئارتۇق ئوفىتسېر ۋە جەڭچىسى جۇ ئېنلەي، خې لۇڭ، جۇ دې، يې تىڭ، لىيۇ بوچېڭلارنىڭ قوماندانلىقىدا نەنچاڭدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭ قوشۇنلىرىغا قارشى تۇنجى پاي ئوقنى ئاتتى ھەمدە تېزدىنلا پۈتۈن شەھەرنى ئىشغال قىلدى. ئاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇن جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، قوراللىق كۈرەشنى يېزىلاردا قانات يايدۇرۇشقا ئاتلاندى. 1928 ـ يىلى جىڭگاڭشەنگە يېتىپ بېرىپ، ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇن بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا قوشۇلۇپ جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ 4 ـ جۈنى بولۇپ تەشكىللەندى. 1933 ـ يىلىدىن باشلاپ، ھەر يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنىڭ خاتىرە كۈنى قىلىپ بەلگىلەندى، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئارمىيە بايرىمىغا ئۆزگەرتىلدى.



نەنچاڭ قوزغىلىڭى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مەخسۇس دۆشمەنگە قارشى ئالدىنقى سەپ كومىتېتى قۇرۇلۇپ، جۇ ئېنلەي شۇجى بولدى.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئۇزۇن سەپەر غەلىبە قىلغاندىن كېيىن شىمالىي شەنشىگە بارغان ماۋ زېدۇڭ

## زۇنيى يىغىنى

1935 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. ئۇزۇن سەپەر ئۈستىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ زۇنيى شەھىرىدە سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچتى. يىغىندا لى دې ۋەكىللىكىدىكىلەرنىڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىش، قارىسىغا ئېلىشىشتەك خاتا تەشەببۇسلىرى تەنقىد قىلىنىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا پىكرى قوبۇل قىلىندى. بۇ يىغىن ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىل ئارمىيىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەپ، ئۇزۇن سەپەرنىڭ غەلىبىلىك ئاياغلىشىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.



زۇنيى يىغىنى قىزىل ئارمىينى قۇتقۇزۇپ ... ى. ئەينى ۋاقىتتا تۈن بويى ئۆچمىگەن ... اغ نۇرى خۇددى نۇرلۇق ماياكتەك قىزىل ... مىينىڭ ئالغا بېسىش يۆنىلىشىنى يورۇتتى.

## ئۇزۇن سەپەر

نەنچاڭ قوزغىلىڭىدىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى كۆرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يېزىلاردا يەر ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىشقا قارىتىپ، جۇڭگو ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسى ۋە رۇيجىن قاتارلىق ئىنقىلابى تايانچ بازىلارنى بەرپا قىلدى. گومىنداڭ نۇرغۇن قوشۇن توپلاپ قىزىل ئارمىيىگە قارشى بەش قېتىملىق قورشاپ يوقىتىشنى ئېلىپ باردى. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، قىزىل ئارمىيىنىڭ ئاساسلىق كۈچى جەنۇبىتىكى ھەرقايسى تايانچ بازىلاردىن چېكىنىپ چىقىپ، شىمالىي شەنشىگە يۆتكىلىشكە مەجبۇر بولدى. مانا بۇ دۇنياغا داڭلىق ئۇزۇن سەپەر. ئۇزۇن سەپەر باشلانغاندا، قىزىل ئارمىيىنىڭ 80 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار ئىدى. تۆت قات قامال قىلىش سىزىقىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، گۈيجۇغا كەلگەندە، ئاران 30 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قالدى. زۇنيى يىغىنىدىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، قىزىل ئارمىيە ئاخىر نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك دۈشمەن قوشۇنىنىڭ مۇھاسىرىسىدىن قۇتۇلۇپ، قارلىق تاغلاردىن ئېشىپ، سازلىقلاردىن ئۆتۈپ، 1936 ـ يىلى 10 ـ ئايدا شىمالىي شەنشىگە يېتىپ كېلىش ئارقىلىق، قىزىل ئارمىيىنى ساقلاپ قېلىش، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن شىمالغا يۈرۈش قىلىشتىن ئىبارەت تارىخىي خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى ئورۇندىدى. قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەر جەريانىدا 14 ئۆلكىدە ئايلىنىپ يۈرۈپ جەڭ قىلىپ، ئىككى يىلنى ئۆتكۈزۈپ، 25 مىڭ چاقىرىم يولنى بېسىپ ئۆتتى.



7 ـ قۇرۇلتايدا ماۋزېدۇڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك كوللېكتىپى تىكلەندى.




قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەر لىنىيىسى



قىزىل ئارمىيىنىڭ ئۇزۇن سەپەر لىنىيىسى

## جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى

1945 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش غەلىبە قىلىش ھارپىسىدا، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى يەنئەندە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىدە تۇنجى قېتىم ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىنىدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلىدى.




## تۈمەن مىڭ قەھرىماننىڭ چاڭجياڭ دەرياسىدىن ئۆتۈشى

1949 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكىدىكى جۇ ئېنلەي قاتارلىقلار نەنجىڭدىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ)دا سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، «دۆلەت ئىچى تىنچلىق كېلىشىمى»نى تۈزۈپ چىقتى. لېكىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى يەنە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە، ماۋ زېدۇڭ، جۇ دېلار 4 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈرۈش قىلىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. تۈمەن مىڭ كىشىلىك ئازادلىق ئارمىيە چاڭجياڭ دەرياسىدىن جەڭ بىلەن ئۆتۈپ، 4 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى نەنجىڭنى ئىگىلەپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى. كېيىندىنلا، يېرىم يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى، غەربىي جەنۇبتىكى ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەر كەينى ـ كەينىدىن ئازاد قىلىندى. 9 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى ھەمدە 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈپ، بېيجىڭ پايتەخت قىلىپ بېكىتىلدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، يېڭى تارىخىي مۇساپىنى باشلىدى.

# ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش



جۇڭگونىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى جۇڭگو خەلقىنىڭ كۆلىمى ئەڭ چوڭ، ۋاقتى ئەڭ ئۇزاق بولغان، ئەڭ كۆپ قۇربان بەرگەن، تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر بولغان تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئومۇمىي خەلق ئۇرۇشى ھېسابلىنىدۇ. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن گومىنداڭ 2 - قېتىملىق ھەمكارلىشىشنى ئىشقا ئاشۇردى. 1942 - يىلىنىڭ باشلىرىدا، جۇڭگو خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاققا قاتناشتى. جۇڭگو ئۇرۇش مەيدانلىرى 2 - دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ تەركىبىي قىسمىغا ئايلاندى. 1945 - يىلى 8 - ئايدا، ياپونىيە شەرتسىز تەسلىم بولۇشقا مەجبۇر بولدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ سەككىز يىللىق سوزۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى ئاخىرقى غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

## «7 - ئىيۇل ۋەقەسى»

«18 - سېنتەبىر ۋەقەسى»دىن كېيىن، ياپونىيە ئارمىيىسى شىمالىي جۇڭگونى داۋاملىق ئىشغال قىلدى. 1937 - يىل 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى، لۇگۇچياۋ كۆۋرۈكى ئەتراپىدا ئىغۋاگەرلىك خاراكتېرىدىكى مانېۋىر ئۆتكۈزدى ھەمدە بىر ئەسكىرىنىڭ يوقىلىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ، جۇڭگونىڭ بۇ جايدا تۇرۇشلۇق قىسمىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلغاندا، جى شىڭۋېن پولكىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قايتۇرما زەربە بېرىشىگە ئۇچرىدى. توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، شەرقىي شىمالغا توپلانغان ياپونىيە ئارمىيىسى دەرھال شىمالىي جۇڭگوغا يۈرۈش قىلدى. 7 - ئاينىڭ 17 - كۈنى جياڭ جيېشى لۇشەندە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىدى ھەمدە شىمالىي جۇڭگوغا تۆت دىۋىزىيىلىك ئەسكىرىي كۈچنى يۆتكىدى، لېكىن 29 -، 30 - كۈنلىرى بېيپىڭ (ھازىرقى بېيجىڭ)، تيەنجىنلەر يەنىلا كەينى - كەينىدىن قولدىن كەتتى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، جۇڭگو خەلقى سەككىز يىللىق سوزۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنى باشلىۋەتتى.

شېنياڭ شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىگە جايلاشقان «18 - سېنتەبىر» خاتىرە تېشى



1931 - يىل 9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى يېرىم كېچىدە، جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى بېسىپ ياتقان ياپونىيىنىڭ كانتون ئارمىيىسى شېنياڭدىكى شىمالىي گازارمىنى ساقلاپ ياتقان جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمال ئارمىيىسىگە ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلدى. 19 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شېنياڭ قولدىن كەتتى. ياپونىيە ئارمىيىسى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ شەرقتىكى ئۈچ ئۆلكىنى ئىشغال قىلىۋالدى. مانا بۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «18 - سېنتەبىر ۋەقەسى».



لۇگۇچياۋ كۆۋرۈكىدىكى كەسكىن جەڭ

لۇگۇچياۋ كۆۋرۈكى بېيجىڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمىدىكى ۋەنپىڭ ناھىيىسى (ھازىر فېڭتەي رايونىغا تەۋە)گە جايلاشقان بولۇپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغان جاي.




لۇگۇچياۋ كۆۋرۈكى

## شىئەن ۋەقەسى

شەرقىي شىمال قولدىن كەتكەندىن كېيىن، جياڭ جيېشى شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى جاڭ شۆلياڭنى شەنشى ئۆلكىسىگە يۆتكەپ، غەربىي شىمالدىكى كوممۇنىستلارنى يوقىتىش ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەپ، غەربىي شىمال ئارمىيىسىدىكى ياڭ خۇچېڭنىڭ قىسىملىرى بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتىشقا بۇيرۇدى. 1936 - يىلى 12 - ئايدا، جاڭ شۆلياڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش تەشەببۇسىنى قوبۇل قىلىپ، جياڭ جيېشىدىن كوممۇنىستىك پارتىيىنى يوقىتىش ھەرىكىتىنى توختىتىپ، بىرلىشىپ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندا، جياڭ جيېشى رەت قىلدى. 10 - كۈنى جياڭ جيېشى مەركەزدىكى گېنېراللارنى يىغىنغا چاقىرىپ، شەرقىي شىمال ئارمىيىسىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ تەشكىللىمەكچى بولدى. جاڭ شۆلياڭ ئىلاجسىز ئەھۋال ئاستىدا، 12 - كۈنى تاڭ سەھەردە غەربىي شىمال ئارمىيىسىنىڭ گېنېرالى ياڭ خۇچېڭ بىلەن بىرلىشىپ ھەربىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، جياڭ جيېشىنى قولغا ئالدى. بۇ قېتىمقى ۋەقە جياڭ جيېشىنى تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن ئىككىنچى قېتىم ھەمكارلىق ئورنىتىشقا مەجبۇر قىلىپ، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى مىللىي بىرلىك سەپنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى.




جياڭ جيېشى لۇشەندە ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى.



گېنېرال جاڭ شۆلياڭ بىلەن گېنېرال ياڭ خۇچېڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



## كومپارتىيىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى سەككىز يىل ئۇرۇش قىلىشى

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىن، كومپارتىيە بىلەن گومىنداڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھەمكارلىقنى يولغا قويدى. جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىشچى ـ دېھقانلار قىزىل ئارمىيىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى مىللىي ئىنقىلابىي ئارمىيە-نىڭ 8 ـ ئارمىيىسى قىلىپ ئۆزگەرتىلدى، قىسقارتىلىپ 8 ـ ئار-مىيە دېيىلدى. ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشتا، 8 ـ ئارمىيە شىمالىي جۇڭگودا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان 100 تۇەنلىك ئۇرۇشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەشكىللەپ، دۈشمەن-نىڭ 20 مىڭ ئادىمىنى يوقاتتى، سەنشى ـ سۈييۈەن، سەنشى ـ چاخار ـ خېبېي قاتارلىق بىرقانچە تايانچ بازا قۇردى. كومپارتىيە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا تەرەققىي قىلدى، قوشۇنىنى زورايت-تى. ئۇرۇش غەلىبە قىلغان چاغدا 8 ـ ئارمىيە، يېڭى 4 ـ ئارمىيە ۋە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى باش-نا قوراللىق كۈچلەر بولۇپ، جەمئىي ئادەم سانى 1 مىليون 200 مىڭ كىشىگە يەتتى.



ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇ-رۇش مەزگىلىدە، ماۋ زېدۇڭ يەنئەندى-كى گەمىدە «ئۇزاققا سوزۇلىدىغان ئۇ-رۇش توغرىسىدا» دېگەن مەشھۇر ئە-سىرىنى يازدى. ئۇ ئەسىرىدە ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن «ئۇرۇش ئۇزاققا سو-زۇلىدۇ، ئاخىرقى غەلىبە جۇڭگوغا مەنسۇپ بولىدۇ» دېگەنىدى.



8 ـ ئارمىيىنىڭ 115 ـ دىۋىزى-بىسى پىڭشىڭگۇەن جەڭ مەيدانىدا

## تۆت چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ

جۇڭگو قوشۇنلىرىنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئاساسلىق ئۇرۇش-يدانلىرىدا تۆت قېتىم چوڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ بولدى. شاڭخەي ھەل قىلغۇچ ئۇ-ۇشى ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش پارتلىغاندىن كېيىنكى تۇنجى قېتىم-ق چوڭ جەڭ بولۇپ، جۇڭگو ئارمىيىسى شاڭخەيدە ياپونىيە ئارمىيىسىگە ئۈچ ئاي تاقابىل تۇرۇپ، شمەننىڭ 60 مىڭدىن ئارتۇق ئادىمىنى يوقاتتى، شۇنداقلا بۇ ئۇرۇشتا 100 مىڭ ئوفىتسېر ۋە ەڭچى ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۈيجۇ ھەل قىلغۇچ جېڭىدا تەيئېرجۇاڭ جېڭىنىڭ غەلىبىسىنى لغا كەلتۈرۈلۈپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ 10 مىڭ ئادىمى يوقىتىلدى، ئۆزىمىز تەرەپتىنمۇ غايەت ر قۇربان بېرىلدى. ۋۇخەن ھەل قىلغۇچ جېڭى ئەمەلىيەتتە ۋۇخەننى قوغداش جېڭى بولۇپ، تۆت ئايدىن ئارتۇق داۋاملاشتى. بۇ جەڭدىن كېيىن، ياپون باسقۇن-چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش تىركى-شىش باسقۇچىغا كىردى. چاڭشا ھەل قىلغۇچ جېڭى ياپونىيە ئار-مىيىسى تىنچ ئوكيان ئۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇپ قوزغىغان ئۇرۇش بولۇپ، ئۈچ قېتىملىق جەڭدىن كېيىن ياپونىيە مەغلۇپ بولدى، جەمئىي 70 مىڭدىن ئارتۇق ئا-دىمى ئۆلدى ۋە يارىدار بولدى.



ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش جەريانىدا، خەلق ئەسكەرلىرى تۆمۈر-يوللارغا مىنا كۆمۈپ، ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ ترانسپورت لىنىيىلىرىنى پارتلاتتى.



ئۆگزىلەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ ياپونىيە ئارمىيىسىگە زەربە بەرمەكتە.



يىراق شەرق ھەربىي سوتى يا-پونىيە ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى سوتلىماقتا.



## ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى

1945 ـ يىل ئەتىيازدا، جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلغان ياپونىيە ئارمىيىسى چوڭ ۋە ئوتتۇرا شەھەرلەر دېڭىز ياقىسى رايونلىرىغا چېكىندى. 5 ـ ئايدا، سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل ئارمىيىسى بېرلىننى ئىشغال قىلدى، گېرمانىيە تەسلىم بولدى. 8 ـ ئايدا ئامېرىكا ياپونىيىگە ئىككى ئاتوم بومبىسىنى تاشلىدى. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپو-نىيە پادىشاھى شەرتسىز تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى. 9 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ياپونىيە ئار-مىيىسى تەسلىم بولۇش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو خەلقىنىڭ سەككىز يىلغا سوزۇلغان ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇشى غەلىبە بىلەن ئا-خىرلاشتى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى بو-لۇش سۈپىتى بىلەن، جۇڭگو خەلقى غايەت زور بە-دەل تۆلىدى. ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغانلار ئادەم سانى 35 مىليونغا يېتىپ، ئىقتى-سادىي زىيان تەخمىنەن 500 مىليارد ئا-مېرىكا دوللىرىدىن ئېشىپ كەتتى.

## نەنجىڭدىكى چوڭ قىرغىنچىلىق

ياپونىيە ئارمىيىسى شىمالىي جۇڭگونى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ە جەنۇبقا بېسىپ كىردى. ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئەينى مەزگىلدىكى مىللىي ھۆ-مەتنىڭ پايتەختى نەنجىڭ قولدىن كېتىپ، مىللىي ھۆكۈمەت چۇڭچىڭغا كىلىشكە مەجبۇر بولدى. 1937 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ياپونىيە مىيىسى نەنجىڭنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ڭگونىڭ قۇرۇق قول ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلىرى شەھەر خەلقىنى ئۇدا ئالتە ھەپتىگىچە قىرغىن لدى. ئۇلار 50 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى باغلاپ، لموت بىلەن قىرىپ تاشلىدى؛ كىشىلەرنىڭ لىسىنى ئالدى ۋە تىرىك كۆمدى، تاغارلارغا چىلاپ تىرىك ھالەتتە كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈردى. يە-نەچچە ئون مىڭلىغان جۇڭگو ئاياللىرىنى ئاياغ ىتى قىلدى. 300 مىڭدىن ئارتۇق جۇڭگولۇق شۇ قىرغىنچىلىقتا ھاياتىدىن ئايرىلدى.



نەنجىڭدىكى چوڭ قىرغىنچىلىقتا ئۆلتۈ-رۈلگەن قېرىنداشلارنىڭ جەسەت سۆڭەكلىرى

# يېڭى جۇڭگو بېسىپ ئۆتكەن يول



جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى



جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت بايرىقى



جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرۇلۇش ۋە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئەگرى - توقايلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشتىن ئىبارەت يېڭى دەۋرنى باشلىدى. قىسقىغىنا 50 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، بولۇپمۇ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، ئېلىمىز سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردە غايەت زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

## دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، ئۈچ يىللىق ئازادلىق ئۇرۇشىنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، گومىنداڭ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، تەيۋەندىن باشقا مۇتلەق كۆپ قىسىم زېمىننى ئازاد قىلدى. 1949 - يىل 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، ماۋ زېدۇڭ تيەنئەنمېن راۋىقىدا پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنىلىك ھالدا: «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى! ئۇزاق مەزگىل بوزەك قىلىنىشقا ۋە ئازاب - ئوقۇبەتكە ئۇچراپ كەلگەن 400 مىليون جۇڭگو خەلقى ئورنىدىن دەس تۇردى!» دەپ جاكارلىدى. ماۋ زېدۇڭ يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى دۆلەت رەئىسلىكىگە تەيىنلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئۇلۇغ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى باشلىۋەتتى.




1962 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شاڭخەيدىكى جياڭنەن كېمىسازلىق زاۋۇتى ئېلىمىز بويىچە تۇنجى 10 مىڭ توننىلىق گىدروپرېسنى ئۆزى لايىھىلەپ ياساپ چىقتى.

## دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرۇلۇش

1949 - يىلدىن 1956 - يىلغىچە بولغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرۇلۇش جەريانىدا، بيۇروكرات كاپىتالنى مۇسادىرە قىلىش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىكى، ئەسلىدە بار بولغان قول سانائەت ۋە سودا ئىشلىرىغا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يۈرگۈزۈلگەندىن كېيىن، يېڭى جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي سىستېمىسى تەدرىجىي قۇرۇلۇشقا باشلىدى. دەسلەپكى مەزگىلدىكى قۇرۇلۇش پىلانلىق ئىگىلىك فاكتېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلدى. دۆلەت مۇلۇكچىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، كەڭ كۆلەملىك ئېغىر سانائەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلدى، كۆمۈر، پولات - تۆمۈر، نېفىت، ماشىنىسازلىق قاتارلىق ساھەلەردە كۆرۈنەرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى.





شەرقىي شىمالدىكى ئەنشەن پولات - تۆمۈر زاۋۇتى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى مۇھىم پولات - تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش بازىسى ئىدى.

## مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى

1966 - يىلدىن 1976 - يىلغىچە بولغان ئون يىل جەريانىدا، جۇڭگو سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى زور قالايمىقانچىلىقنى باشتىن كەچۈردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دېگىنىمىز ئەنە شۇ. ماۋزېدۇڭ خاتا ھالدا بۇ ھەرىكەتنى قوزغىدى ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ ھەرىكەتتىن پايدىلىنىپ پارتىيىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۈچۈن پۇرسەت يارىتىپ بەردى. ھەرىكەت جەريانىدا زور تۈركۈم دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئاساسىي قاتلام كادىرلىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دەپ ئاتىلىپ، ئاممىنىڭ تەنقىد ۋە كۈرەش قىلىشىغا ئۇچراپ، سۈرگۈن قىلىندى، دۆلەتنىڭ نورمال خىزمەت تەرتىپى بۇزۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش تۇرغۇن ھالەتكە چۈشۈپ قېلىپ، مىللىي دارامەتنىڭ زىيىنى 500 مىليارد خەلق پۇلىغا يەتتى.



مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا، ئىنقىلابىي ئامما قوللىرىدىكى «ماۋ جۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە»نى پۇلاڭلىتىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆزدىن كۆچۈرۈشىنى قوبۇل قىلماقتا.

## «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نىڭ تارمار قىلىنىشى

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا، ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭ چۇنچياۋ، جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشۇپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دەپ ئاتالدى. 1976 - يىلى ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى تارمار قىلىپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بالايىئاپەتكە خاتىمە بەردى. خەلق ئاممىسى تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ، غەلىبىنى تەبرىكلىدى.






1999 - يىلى 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سا-ئەت نۆلدە، تيەنئەنمېن مەيدانىدا مىليونلىغان ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينى-غا قايتىپ كەلگەنلىكىنى ئامما شادلىق ساداسى ئىچىدە كۈتۈۋالماقتا.

## باش لايىھەلىگۈچى دېڭ شياۋپىڭ

1977 - يىلى، جۇڭگو «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»نىڭ ئون يىللىق قالايمىقانچىلە-
ى تۈگەتكەندىن كېيىن، دېڭ شياۋپىڭ پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە
لامچىلىق قىلىپ، قالايمىقانچىلىقنى تۈزەپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئى-
ەت ئىدىيىۋى لۇشيەننى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، دۆلەتكە رەھبەرلىك قىلىپ، خىزمەتنىڭ
ىم نۇقتىسىنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا يۆتكىدى. ج ك پ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي
ىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدا، جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى سىرتقا
مۇېتىشتىن ئىبارەت قۇرۇلۇش فاڭجېنى تىكلەندى. پىلانلىق ئىگىلىك ئەندىزىسى پەي-
پەي ئۆزگەرتىلىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى
لىنىشكە باشلىدى. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ
ڭگونىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى
رتقا ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇ-
ىڭ باش لايىھەلىگۈچىسى دەپ ئاتالدى.



1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت نۆلدە، جۇڭگونىڭ دۆلەت بايرىقى بىلەن شياڭگاڭ ئالاھىدە رايونىنىڭ رايون بايرىقى دۆلەت گىمنى ساداسى ئىچىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئۆتكۈزۈپ بېرىش ۋە ئۆتكۈزۈۋېلىش مۇراسىمىدا، دۆلەت رەئىسى جياڭ زېمىن پۈتۈن دۇنياغا تەنتەنە بىلەن: جۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتى شياڭگاڭغا ئىگىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى رەسمىي قۇرۇلدى، دەپ جاكارلىدى.



دېڭ شياۋپىڭ
(1997 ~ 1904)

## شياڭگاڭ، ئاۋمېنلارنىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىشى

ئەپيۇن ئۇرۇشى مەزگىلىدە، شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېن ئايرىم - ئاي-
رىم ھالدا ئەنگلىيە بىلەن پورتۇگالىيە تەرىپىدىن زورلۇق بىلەن ئىگىلە-
ۋېلىنغانىدى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، جۇڭگو ھۆكۈمىتى پۈرسەت پىشىپ يېتىلگەن ھا-
مان شياڭگاڭ ۋە ئاۋمېن مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈردى. 20 - ئە-
سىرنىڭ 80 - يىللىرىدا، دېڭ شياۋپىڭ «بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم بولۇش» ئىلمىي تەسەۋ-
ۋۇرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، شياڭگاڭ بىلەن ئاۋمېننىڭ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كېلىش مۇساپىسىنى
كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى. ئۇزاق مەزگىللىك تىرىشىش ۋە ئەگرى - توقايلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈش
ئارقىلىق، 1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى، شياڭگاڭ ۋەتەن قوينىغا ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەل-
دى. 1999 - يىل 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاۋمېنمۇ ۋەتەن قوينىغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭ بى-
لەن، يېقىنقى 100 يىلدىن بۇيانقى جۇڭگو زېمىنىنى چەت ئەللەر باشقۇرۇپ كەلگەن تا-
رىخقا خاتىمە بېرىلدى.



ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتى قاتناش ئىشلىرىنىڭ ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈردى، تېز سۈرئەتلىك تاشيوللار ھەممە تەرەپكە تۇتاشتى.



## ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش

جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشى ئالدى بىلەن يې-
زىلاردىن باشلىنىپ، جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان مەھ-
سۇلاتنى ئائىلىگە كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ئاندىن
كېيىن، ئىسلاھاتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى شەھەر ئىقتىسادىي تۈزۈل-
مىسىگە قارىتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار بىلەن
يۇقىراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات يۆنىلىشى ئۈستىدە ئىزدىنىش
ئېلىپ بېرىلدى. پۇل مۇئامىلە، تاشقى سودا، دۆلەت مۇداپىئەسى
قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىمۇ ئىسلاھات قانات يايدۇرۇلدى.
1992 - يىلىنىڭ بېشىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جەنۇبنى كۆزدىن كۆ-
چۈرگەندە قىلغان سۆزىنى بەلگە قىلغان ھالدا، ئىسلاھات، ئېچى-
ۋېتىش ۋە زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشى يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويدى.
خەلق ئىگىلىكى تېزدىن تەرەققىي قىلىپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيە-
سىمۇ كۈندىن - كۈنگە يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، دۆلەت-
تە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى.



سوتسىيالىستىك بازار ئىگە-
لىكى تۈزۈلمىسىنىڭ مۇكەممەل-
لىشىشىگە ئەگىشىپ، كاپىتال
بازىرى تېز سۈرئەت بىلەن تەرەق-
قىي قىلدى. بۇ شاڭخەي پۇدۇڭ
يېڭى رايونىدىكى ئاكسىيە سارى-
يىنىڭ ئاكسىيە بىرژىسى زالى.

ېلىمىزنىڭ تۇنجى
ىڭ تونىلىق ماي
خوتى ئىسلاھاتتىن كې-
ىكى دالىيەن كېمىسازلىق
ىتىنىڭ يېڭى زاۋۇتىدا
ا چۈشۈرۈلمەكتە.



شاڭخەي پۇدۇڭ يېڭى رايو-
نىغا يىراقتىن نەزەر سالسى-
ڭىز، «شەرقتىكى مەرۋايىت»
دەپ نام ئالغان ھېيۋەتلىك ھەم
گۈزەل تېلېۋىزىيە مۇنارىسىنى
كۆرىسىز. ئۇ ئاسىيادىكى
مەشھۇر تېلېۋىزىيە مۇنارلىرى-
نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.



ئىسلاھاتتىن كېيىن ئەڭ بالدۇر قۇرۇلغان ئىقتىسادىي ئالاھىدە رايون — شېنجېن ئەسلىدە بىر كىچىك بېلىقچىلىق كەنتى ئىدى، ھازىر ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، مەنزىرىسى گۈزەل، ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان، زامانىۋىلاشقان ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرگە ئايلاندى.

# قەدىمكى مىسىر



جەسەت ساندۇقىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئالتۇندىن ئىشلەنگەن يۈز نىقابى

مىسىر بۈگۈنگە قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك دۆلەتلەرنىڭ بىرى. قەدىمكى مىسىر مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 3000 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدە مەدەنىيىتى گۈللەنگەن مەزگىلگە قەدەم قويغان، مۇكەممەل دۆلەت تۈزۈلمىسى، بىرقەدەر تەرەققىي قىلغان يېزا ئىگىلىكى بىلەن قول ھۈنەرۋەنچىلىكى بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى مىسىرلىقلار مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزىقىنى ئىجاد قىلغان ھەمدە مول ئاسترونومىيە بىلىملىرى ۋە گېئومېتىرىيە بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن. قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى. شۇنداقلا ئىنسانلارنىڭ ئەجدادلىرى كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن پارلاق مەدەنىيەت مىراسى ھېسابلىنىدۇ.











يەر ئاغدۇرۇۋاتقان دېھقان ۋە ئۇرۇق چېچىۋاتقان بالا

## شىر تەنلىك ئادەم (سفىنكس) ھەيكىلى

شىر تەنلىك ئادەم مىسىر ۋە يۇنان رىۋايەتلىرىدىكى بىر غەلىتە مەخلۇقنىڭ ئوبرازى بولۇپ، سفىنكس دەپ ئاتالغان. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ سىمۋولى بولغاچقا، دائىم مۇقەددەس ئىبادەتخانىلارنىڭ ۋە قەبرىلەرنىڭ ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان. مىسىردىكى ئەڭ مەشھۇر سفىنكس ھەيكىلى گىزادىكى چوڭ ئېھرامنىڭ ئالدىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، پىرئەۋن خافرا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىل (تەخمىنەن بۇنىڭدىن 4500 يىللار ئىلگىرى)دە ياسالغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنىڭ چىرايى پىرئەۋن خافرانىڭ چىرايىغا ناھايىتى ئوخشايدىكەن.

## نىل دەرياسىنىڭ سوۋغىتى

مىسىر ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان، نىل دەرياسى جەنۇبتىن شىمالغا قاراپ ئېقىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن زېمىنىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. نىل دەرياسى ۋادىسىنىڭ بايلىق مەھسۇلاتلىرى ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ تەبىئەت مىسىرلىقلارغا ئاتا قىلغان گۈزەل ماكان. ھەر يىلى يازدا نىل دەرياسى ئۇنۇملۇك قارا تۇپراقنى ۋادىغا ئېقتىپ كېلىپ، ئۇ جايلارنى مۇنبەت زېمىنغا ئايلاندۇرىدۇ. تەخمىنەن 10 مىڭ يىللار ئىلگىرى، قەدىمكى مىسىرلىقلار نىل دەرياسى ۋادىسىغا تەدرىجىي توپلىشىپ ئولتۇراقلىشىشقا باشلاپ، ئېقىنلارنى ئايرىپ، توسمىلارنى ياساپ، كەلكۈن قايتقاندىن كېيىنكى يۇمشاق تۇپراقلىق يەرگە تېرىلغۇ تېرىغان. ئۇلار جاپالىق ئەمگەكلىرى ئارقىلىق قەدىمكى مىسىر مەدەنىيىتىنى ئاپىرىدە قىلغان.



پىرئەۋننىڭ ئالتۇندىن ياسالغان جەسەت ساندۇقى

مىسىر پىرئەۋنلىرىنىڭ مومىياسى ئالتۇندىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىغا سېلىنغان. جەسەت ساندۇقىنىڭ ئۈستى ئالتۇن يۈز نىقابى بىلەن بېزەلگەن. ئۇنىڭ ئىچكى ئەزالىرى بولسا، ئالاھىدە ئىشلەنگەن ساپال كوزا ئىچىگە سېلىنغان.

## مومىيا

مىسىرلىقلار ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن جەسىتى مومىيالىنىپ (مەڭگۈ ساقلىنىدىغان قۇرۇق جەسەت)، پۇختا ياسالغان قەبرىگە قويۇلۇپ، ئۆلگۈچىگە ئەتراپلىق ھۆرمەت بىلدۈرۈلسىلا، ئۇ قايتىدىن تىرىلىدۇ دەپ قارىغان. شۇڭا، مىسىرنىڭ پىرئەۋنلىرى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى چىقىرىۋېلىنىپ ئايرىم بىر جايغا قويۇلغان. جەسەتنىڭ ئىچى قوۋزاقدارچىن، مەستىكى رۇمى قاتارلىق دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن تولدۇرۇلۇپ، تۇزلۇق كۆلچەككە 70 كۈن چىلانغان. ئاندىن، چىرىشتىن ساقلايدىغان، كاۋچۇكتىن ئىشلەنگەن نېپىز رەخت بىلەن ئورالغان، شۇنىڭ بىلەن مومىيا ياسىلىپ پۈتكەن. ئاندىن كېيىن، مومىيانى ھەم دەپنە بۇيۇملىرى بىلەن بىرلىكتە ئېھرام ئىچىگە ياكى باشقا شەكىلدىكى قەبرە ئىچىگە ھەم كۆمگەن. مىسىرنىڭ قۇرغاق ھاۋاسىدا مومىيا چىرىمەستىن ئۇزاققىچە ساقلانغان. مومىيانىڭ ياسىلىشى قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ تېبابەتچىلىك جەھەتتىكى پارلاق مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.



www.uyghurkitap.com



## روھنى تارازىدا ئۆلچەش

قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن كېيىنكى دۇنياغا ئېلىپ مېڭىلىدىكەن. ئۇ جايدا ئانۇبىس (چىلبۆرە ئىلاھ) ئۆلگۈچىنىڭ يۈرىكىنى تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىپ، يەنە بىر تەرىپىگە ھاياتلىق ۋە ھەقىقەتنىڭ سىمۋولى بولغان نەرسىنى قويۇپ ئۆلچەيدىكەن. نەتىجىنى تۇتى ئىسىملىك يەنە بىر ئىلاھ خاتىرىلەيدىكەن.







مىسىرنىڭ تەسۋىرىي يېزىقى مۇرەككەپ بىر ...ل بەلگە سىستېمىسى. قەدىمكى مىسىرنىڭ ...اۋاللىقتا يۇزلىنىشىگە ئەگىشىپ، تەسۋىرىي ...زىقنى تونۇپ ئوقۇيالايدىغانلارمۇ قالمىغان. 182... ـ يىلىغا كەلگەندىلا، فرانسىيە ئالىمى چامپولىئون ...ۇسېتتا تاش ئابىدىسى ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بارغاندا، ...ابىدىدىكى يۇنان يېزىقىدىن پايدىلىنىپ تەسۋىرىي يې-...قنى ئوقۇپ چىقىپ، بۇ قەدىمىي يېزىقنى قايتىدىن ...ارلاق نۇر چېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان.



قەدىمكى مىسىرنىڭ داۋالاش ئەسۋابلىرى رەسىمى



## پىرئەۋن ۋە ئېھرام

مىسىرغا ھۆكۈمران قىلىدىغان پادىشاھلار «پىرئەۋن» دەپ ...اتالغان. پىرئەۋن ئۆلگەندىن كېيىن، غايەت زور قەبرە ياسىتىلىپ، پىر-...ەۋن ئەرشكە ئۇزىتىلغان، مانا بۇ ئېھرامدۇر. ئېھرامنىڭ ئۇلى چاسا شە-...ىلىلىك بولۇپ، تۆت تەرىپى ئوخشاش تۆت ئۈچبۇرجەك شەكىللىك قىلىپ ...اسالغان. ھازىر مىسىردا چوڭ ـ كىچىك 80 ئېھرام بار، ئەڭ ئېگىز، ئەڭ ...ەشھۇرى خوفو ئېھرامى. ئۇ 4500 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىلگىرى ياسال-...ان بولۇپ، ھازىرقى ئېگىزلىكى 137 مېتىر، ئىگىلىگەن ئورنى تۆت گېك-...ار كېلىدۇ. ئۇ 2 مىليون 300 مىڭ پارچە گىگانت تاشتىن قوپۇرۇلغان. ...بىتىشلارغا قارىغاندا، ئۇنى ياساشقا 30 يىل كەتكەنىكەن.

## كارناك ئىبادەتخانىسىنىڭ كۆپ تۈۋرۈكلۈك زالى

قەدىمكى مىسىردا ئىبادەتخانىلار بەك كۆپ ئەڭ ھەيۋەت-لىكى كارناك ئىبادەتخانىسى. ئىبادەتخانىنىڭ تۆت ئەتراپى ئېگىز تام بىلەن قورشالغان. ئىشىك ئالدىدا چاسا شەكىل-لىك ئۈچلۇق ئابىدە بىلەن پىرئەۋنىنىڭ ھەيكىلى بار. ئىبا-دەتخانا ئىچىدە يەنە كۆپ تۈۋرۈكلۈك چوڭ زال بار بولۇپ، تۈۋرۈكلەرنىڭ بېزەكلىرى ئاجايىپ رەڭدار ھەم گۈزەل.



...يەرلەرنىڭ چېگرىلىرىنى بېكى-...ش ئەمەلىيىتى جەريانىدا، مى-...ىرلىقلار ناھايىتى بۇرۇنلا گېئو-...مېتىرىيە بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۇ-...رۇۋالغان ھەمدە ئۇنى ئېھرام ...قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلەتكەن.

ئېھرام قۇرۇلۇشىغا ئىش-لىتىلىدىغان تاشلار كېمە بى-لەن توشۇپ كېلىنگەن.

پاپىروس (نىل دەرياسى ئېقى-...ىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك — ...)تىن ياسالغان قولۋاقلاردا ئولتۇ-...رۇپ، دەريادا بېلىق تۇتۇش

نىل دەرياسى مىسىر-لىقلارنى سۇغىرىش مەنب-ەسى بىلەن تەمىنلىگەن. كىشىلەر دەريا سۇيىنى مەنجاناق بىلەن تار-تىپ ئېتىزلارنى سۇغارماقتا.

ئۈزۈمزارلىقتىكى ئىشلەمچىلەر ئۈزۈم-نى چوڭ تاش تەڭنىگە سېلىپ ئېزىش ئارقىلىق ئۈزۈم شىرنىسى چىقارماقتا.

مېتال تاۋلاش

دېھقانلار ھوسۇل يىغماقتا.

چاق ياساش

# بابىلون



ئاسىيانىڭ غەربىدە ئىككى چوڭ دەريا بار، بىرى ئېفرات دەرياسى، يەنە بىرى تېگىر (دەجلە) دەرياسى دەپ ئاتىلىدۇ. دەريا بويىدىكى رايونلارنىڭ يېرى مۇنبەت، سۇ مەنبەسى مول. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4000 ـ يىللار ئۆپچۆرىسىدىلا، سومېرلار بىلەن ئاككادلار مۇشۇ ئىككى دەريا ۋادىسىدا ياشاپ كۆپىيىشكە باشلىغان ھەمدە پارلاق مەدەنىيەت بەرپا قىلغان. كېيىن، سىرتتىن كەلگەن سېمىتلار ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، بىر مەھەل قۇدرەت تاپقان قەدىمكى بابىلون پادىشاھلىقىنى قۇرغان. شۇڭا، ئىككى دەريا ۋادىسىمۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتى پەيدا بولغان جاي ھېسابلىنىدۇ.

## ئىككى دەريا (مىسوپوتامىيە) مەدەنىيىتى

قەدىمكى بابىلون شەھىرى ئەينى مەزگىلدە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شەھەر بولۇپ، كۆلىمى 1000 گېكتار كېلەتتى. شەھەر ئىچىگە ھەيۋەتلىك ئىبادەتخانىلار سېلىنغان بولۇپ، ئېفرات دەرياسى ئېقىنىنى ئۆزگەرتكەندىن كېيىن شەھەرنى كېسىپ ئۆتكەن. ئاساسلىق چوڭ كوچا بىلەن دەريا ئېقىنى تەڭ سوزۇلغان. قەدىمكى شەھەرنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار بولۇپ، سېپىل ئۈستىگە ئېماللانغان شىر نەقشى سېلىنغان.




قەدىمكى بابىلون شەھىرى ئىككى دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ رايون يەنە «مىسوپوتامىيە»، يەنى «ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى يەر» دەپمۇ ئاتالغان.

قەدىمكى بابىلون شەھىرىنىڭ سېپىل تېمىغا ئېماللانغان خىشتىن كۆرۈنۈشى ھەيۋەتلىك شىر سۈرەتلىرى نەقىشلەنگەن بولۇپ، بۇ قەدىمكى بابىلونلۇقلارنىڭ مىمارچىلىق ھۈنەر ـ سەنئىتىنى تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدۇ.



مۇئەللەق باغچىنىڭ خارابىسى

## مۇئەللەق باغچە

بابىلون پادىشاھلىقىنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى پادىشاھ نېبۇ چارنىززار خانىشىنىڭ ئۆز يۇرتىنىڭ تاغ ـ دەريالىرىنى سېغىنغانلىقىغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن، شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر باغچە ياساش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن. باغچە 21 مېتىر ئېگىزلىكتىكى سۈنئىي تاغ ئۈستىگە ياسالغان بولۇپ، كىشىلەر ناھايىتى يىراقتىنمۇ ئۇنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرەلىگەن، شۇڭا ئۇ «مۇئەللەق باغچە» دەپ ئاتالغان. باغچە يۇقىرى، ئوتتۇرا، تۆۋەن ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنگەن بولۇپ، ھەربىر قەۋىتى گۈل ـ گىياھلار بىلەن تولغان، يەنە سۇغىرىش ئەسلىھەلىرىمۇ ئورنىتىلغان بولۇپ، ئېفرات دەرياسىنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ سۇغىرىشقا بولغان.

## خاممۇرابى قانۇنى



قەدىمكى بابىلوننىڭ 6 ـ ئەۋلاد پادىشاھى خاممۇرابى (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1792 ~ 1750 ـ يىللار) تارقاق شەھەر دۆلەتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن ھۆكۈمرانلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، مەشھۇر خاممۇرابى قانۇنىنى ئېلان قىلغان. بۇ قەدىمكى بابىلوننىڭ ئەڭ ئەتراپلىق ھەم مۇكەممەل بولغان قانۇنلار توپلىمى بولۇپ، چوڭ تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان. بۇ تاش تۈۋرۈك ھازىر فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدىكى لوۋ سارىيى مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان خاممۇرابى قانۇنى

## شىنا يېزىق

بۇ ئېھتىمال سومېرلار ئەڭ بالدۇر ئىشلەتكەن بىر خىل يېزىق بولۇشى مۇمكىن. كېيىن، قەدىمكى ئوتتۇرا شەرق رايونىدا كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەن. بۇ خىل يېزىق ئۇچلانغان «قەلەم» بىلەن يۇمشاق لاي تاختىغا بېسىپ يېزىلغان. ئەڭ دەسلەپتە، رەقەملەر قىسقا سىزىق ياكى چەمبەر ئارقىلىق، نەرسىلەر رەسىم ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، كېيىن تەرەققىي قىلىپ، ھەممە كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان يېپسىمان سىزىقلىق يېزىققا ئايلانغان.



يۇمشاق لاي تاختىغا يېزىلغان شىنا يېزىق

# قەدىمىي مايا



مايالار ئىلاھقا نەزىر قىلغاندا ئىشلىتىدىغان قاشتېشى چەۋەنداز ھەيكىلى



ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسى رايونىدا ياشاۋاتقان ئىندىئان مايالارنىڭ ئەجدادلىرى شانلىق ۋە پارلاق قەدىمكى مايا مەدەنىيىتىنى ياراتقان. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ دىنى، يېزىقى، يىل ھېسابى بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلار دەرىجە تۈزۈمىدىكى دۆلەتنى قۇرغان. قەدىمكى مايا مەدەنىيىتى تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2500 ـ يىللار ئەتراپىدا شەكىللەنگەن. 17 ـ ئەسىردە ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە باستۇرۇپ كىرگەندىن كېيىن، بۇ قەدىمكى مەدەنىيەت ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىرى ئارىسىدا ئاستا ـ ئاستا غايىب بولدى.

## مايا مەدەنىيتى قەيەردە



ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىنىڭ خەرىتىسىدە تار، ئۇزۇن بىر قۇرۇقلۇقنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ جەنۇبىي ئامېرىكا بىلەن شىمالىي ئامېرىكىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ قۇرۇقلۇقنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدۇ، مايا مەدەنىيىتى مانا مۇشۇ بەلۋاغدا گۈللەپ ياشنىغان. ئەڭ دەسلەپتە، ئۇ ئوتتۇرا قىسىمدىكى پەس رايوندا پەيدا بولغان، كېيىن بارا ـ بارا ئەتراپىدىكى دېڭىز بويى تۈزلەڭلىكىگە كېڭەيگەن. تۆت ئەتراپىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دېڭىز ـ ئوكيان بولغاچقا، مۇستەملىكىچىلەر يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، مايا مەدەنىيىتى بېكىنمە، مۇكەممەل ھالەتتە بولۇپ، دۇنيادىكى باشقا قەدىمكى مەدەنىيەتلەردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇراتتى.




قەدىمكى مايالارنىڭ ھەربىر پادىشاھى كەڭ كۆلەمدە قۇرۇلۇش قىلىپ، ھەشەمەتلىك ئوردا ـ قەسىرلەرنى سالدۇرغان، يەنە نۇرغۇن ئېھرام شەكىللىك ئىبادەتخانىلارنى سېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇكسەك ئىمتىيازىنى نامايان قىلغان.



پادىشاھ




## مايا جەمئىيىتى

مايالار ناھايىتى بۇرۇنلا قۇرۇلمىسى پۇختا بولغان دەرىجە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنى بەرپا قىلغان. مانا بۇ ئېھرام شەكلىدىكى قاتلام رەسمى مايالارنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئەڭ ئۈستىدە تۇرغىنى پادىشاھ، ئۇ گويا بىر ئىلاھقا ئوخشىشىدۇ. مايالارنىڭ نەزىرىدە ھەربىر پادىشاھ بىر قۇياش، ياش پادىشاھ تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندا، خۇددى يېڭى قۇياش كۆتۈرۈلگەندەك، قېرى پادىشاھ ئۆلسە، كەچكى قۇياش يەر ئوردىسىغا كىرىپ كەتكەندەك قارىلىدۇ. پادىشاھنىڭ ئاستىدىكىسى ئۇنىڭ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئۇنىڭ ئاستىدىكىلىرى ئاقسۆڭەك، چەۋەنداز ۋە كاھىنلار، ئۇنىڭ ئاستىدىكى قاتلامدىكىلەر سودىگەر، ھۈنەرۋەن، سەنئەتكارلار، ئۇلار بىۋاسىتە ئاقسۆڭەكلەرگە خىزمەت قىلىدۇ. ئەڭ تۆۋەن قاتلامدىكىلەر ھاممال، دېھقان ۋە قۇللار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com





## مايالارنىڭ يېزىقى

مايالارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تىل ۋە يېزىق سىستېمىسى بار. مايا يېزىقى بىر خىل تەسۋىرىي يېزىق بولۇپ، ئۆزگىچە خاس، مۇرەككەپ نۇرغۇن شەكىللەر بار. رەسىمگە ئوخشىشىدىغان بۇ يېزىق قىزىل ۋە قارا ئىككى خىل رەڭدە يېزىلغان، ئاساسلىق يىل خاتىرىسى (كالېندار) ۋە تارىخىي ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن. ھازىر يىلنى ئىپادىلەيدىغان ياكى ئادەم ئىسمىنى ئىپادىلەيدىغان 800دىن ئارتۇق بەلگە ۋە خەتنى ئالىملار تونۇپ چىقتى، قالغان نۇرغۇن يېزىقنى ئوقۇيالايدىغان ئادەم تېخىچە يوق. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مايا يېزىقىدا يېزىلغان كىتاب ئاز دېگەندىمۇ 1000دىن ئاشىدىكەن.



يېزىق بىلەن رەسىم ئىزاھلانغان مايا تەسۋىرىي يېزىقى

يىلنى خاتىرىلەيدىغان مايا تەسۋىرىي يېزىقى

مايالار 20 يىلنى بىر «كا يىلى»، 400 يىلنى بىر «باك يىلى» قىلىدۇ.



مايالارنىڭ نەزىر ـ چىراغ سۇپىسى بىلەن تاش ئابىدىسى كىشىگە سىرلىق ھەم سۈرلۈك كۆرۈنىدۇ.

پەرىشتىگە ئايلانغان يىلان بېشى مۇقەددەس ھوقۇقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

نەققاشلىق مايا سەنئىتىنىڭ ئەڭ ئېسىل شەكلى، شۇنداقلا يىلان ئوبرازى مايالارنىڭ نەققاشلىقىدا دائىم ئۇچرايدۇ. كۆپ ھاللاردا بىر ئادەم بېشى ياكى غەلىتە مەخلۇقنىڭ بېشى يىلاننىڭ ئاغزىدىن چىقىپ تۇرغان كۆرۈنۈش ئارقىلىق، باشقا دۇنيادىكى جانلىقلارنىڭ ھازىر بۇ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

دىنىي ئېتىقاد مايا مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى. ئۇلار ئىلاھ بۇتخانىلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇراقلىشىدۇ. مايالار ئىلاھلارغا بەك چوقۇنىدۇ، بۇنداق چوقۇنۇش ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى ھەر ۋاقىت دىن بىلەن باغلاپ تۇرىدۇ.




مىلادىيە 300 ـ يىلىدىن 900 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىق قەدىمكى مايا مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى، كېيىن بارا ـ بارا خارابلاشقان.

دېككالنىڭ 2 ـ نومۇرلۇق ئىلاھ بۇتخانىسى، بۇت ھۇجرىسى مۇنارنىڭ چوققىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، رەڭلىك رەسىم سىزىلغان بۆلىكى بۇتخانىنىڭ ئۆگزىسى.

ئىلاھ بۇتخانىسىنىڭ سىرتىغا سۈرۈلگەن قىزىل بوياق بىر خىل كىچىك قۇرت تۇغقان تۇخۇمدىن ئېلىنغان، تۇخۇم سىقىپ سۇندۇرۇلسا، ئىچىدىن قاندەك قىزىل رەڭلىك سۇيۇقلۇق چىقىدۇ. بۇنداق كىچىك قۇرتنى يەرلىك كىشىلەر ئەڭلىك قۇرت دەپ ئاتايدۇ.



## مايالارنىڭ ئېھرام شەكىللىك بۇتخانىسى

مايالار غايەت زور قورام تاش بىلەن ئېھرام شەكلىگە ئوخشىشىدىغان ئىلاھ بۇتخانىسىنى ياساپ، ئىلاھلارغا نەزىر قىلغان. 3~5 قەۋەت تەكچىنىڭ ئۈستىگە بىر تەكشى ئۆگزىلىك بۇت سۇپىسى ياسىغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە قالپاققا ئوخشىشىدىغان بىر مۇنار ئۇچى قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئىچى بوش، مۇنار ئۇچىغا ھەر خىل رەسىملەر سىزىلغان، مۇنار گەۋدىسىنىڭ ھەربىر قەۋىتىگە غايەت زور يىلان بېشى، ئامېرىكا شىرىنىڭ بېشى ۋە ئامېرىكا يىلپىزىنىڭ بېشى ئويۇلغان. ئەينى چاغدا، بۇ بۇتخانىلارنىڭ سىرتى قاندەك قېنىق قىزىل رەڭدە بويالغان. ئەينى يىللىرى ئىسپانىيە مۇستەملىكىچىلىرى بۇ ئىلاھ بۇتخانىسى يادىكارلىقلىرىنى كۆرۈپ، «مايالارنىڭ ئېھرامى» دەپ ئاتىغان.

# قەدىمكى يۇنان



مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 750 ـ يىللار ئەتراپىدا قەدىمكى يۇناندا پۇقرالار كوللېكتىپىنى يېتەكچى قىلـ
غان نۇرغۇن شەھەر دۆلەتلىرى شەكىللىنىشكە باشلىدى، ئەينى چاغدا دېڭىز سودىسى گۈللىنىپلا قالماسـ
تىن، سەنئەت، ئەدەبىيات، پەلسەپە، سىياسىيمۇ يۇكسەك دەرىجىدە راۋاجلاندى، گومېر، ھېرودوت، سوقرات،
پلاتون (ئەپلاتون)، ئارىستوتېل، ئارخىمېد قاتارلىق مەدەنىيەت پېشۋالىرى مەيدانغا كەلدى. مىلادىيىدىن بۇ.
رۇنقى 5 ـ ئەسىردە يۇنان مەدەنىيىتى يۇقىرى پەللىگە يەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئىچكى ئۇرۇش، جەڭگە ـ
جېدەللەر تۈپەيلىدىن يۇنان مەدەنىيىتى خارابلىشىشقا يۈزلەندى. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 205 ـ يىلىدىن 146 ـ
يىلىغىچە يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە ئۇچرىغان رىملىقلار يۇنانىنىڭ ھەرقايسى شەھەر دۆلەتلىرىـ
نى بويسۇندۇردى.

## شەھەر دۆلەتلىرى ئارىسىدىكى كۆرەش

قەدىمكى يۇنان جەمئىيىتى ئەسلىدە نۇرغۇن شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ
چېچىلاڭغۇ بىرلەشمىسى ئىدى. ھەربىر شەھەر دۆلىتى بىر پارچە كىچىك
زېمىننى ئىگىلىگەن، ئاھالىلەرنىڭ جامائەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىـ
غان شەھەر ۋە ئەتراپىدىكى تارقاق يېزا ـ كەنت، ئېتىز ـ ئېرىق،
باغۋارانلاردىن تەركىب تاپقانىدى. ھەربىر شەھەر دۆلىتىنىڭ ئۆزىنىڭ قوغـ
دىغۇچى ئىلاھى بولاتتى. شەھەر دۆلىتىنىڭ مەركىزىي شەھىرىدە ئىبادەتخاـ
نا، سوت، ئاھالىلەر يىغىلىدىغان مەيدان ۋە ئۇستى ئوچۇق تىياتىرخانا تەـ
سىس قىلىناتتى. شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىدە دېموكراتىيە تۈـ
زۈمى بىلەن ئاقسۆڭەكلەرنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى ئاساس قىلىناتتى. شەـ
ھەر دۆلەتلىرى ئارىسىدا دائىم تالاش ـ تارتىش، ئۇرۇش بولۇپ تۇراتتى.



ساپال لوڭقا ئۇستىگە سىـ
زىلغان قەدىمكى يۇنانىنىڭ
ھەربىي كېمىسى ۋە دېڭىز
ئۇرۇشى مەنزىرىسى



ئاگېئان مەـ
دەنىيەت رايونىـ
نىڭ خەرىتىسى

پارتېنون ئىلاھ ئىبادەتخانىسى خارابىسى



پارتېنون ئىلاھ ئىبادەتخانىسىدا ئالتۇن. پىل چىشى
بىلەن بېزەلگەن ئافىنا ھەيكىلىگە ھۆرمەت بىلدۈرۈلەتتى




## ئاگېئان مەدەنىيتى.

ئاگېئان دېڭىزى ئوتتۇرا دېڭىزـ
نىڭ بىر قولتۇقى. ئۇ يۇنان يېرىم ئاـ
رىلى بىلەن كىچىك ئاسىيانىڭ ئارىـ
سىغا جايلاشقان، بۇ يەر كىرت بىلەن
يۇنانىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى مەـ
دەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى. دەسلەپكى مەـ
دەنىيەت ئاساسلىق مىنوس مەدەنىيتى
بىلەن موسېنى مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت
ئىككى چوڭ باسقۇچنى ئىچىگە ئالىـ
دۇ، ئۇلار ئاگېئان دېڭىز رايونىنى
چۆرىدەپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئاگېئان
مەدەنىيىتى دەپ ئاتالغان. ئاگېئان مەـ
دەنىيىتى دەۋرىدە يېزا ئىگىلىكى ۋە
دېڭىزچىلىق ناھايىتى تەرەققىي قىلـ
غان، ئوردا ـ قەسىر قۇرۇلۇشى ۋە
رەسسام سەنئىتىدىمۇ پارلاق نەتىجىلەر
قولغا كەلگەن، مانا بۇلار قەدىمكى يۇـ
نان مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىگە
مۇھىم تەسىر كۆرسەتكەن.

## قورغان

قورغان ــ قەدىمكى يۇنان شەھەر دۆلەتلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىدىغان مەركىزىي رايونى،
ئۇنىڭ ئىچىدە شەھەر مەمۇرىيىتى ۋە دىنىي قۇرۇلۇشلار بار. قورغانلار كۆپىنچە ئېگىز جايلارـ
غا سېلىنىپ، ھەم قەلئە، ھەم پەرىشتىلەرنىڭ تۇرار جايى قىلىنىدۇ. ئۇ دىنىي ۋە ھەربىي
مەقسەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. قەدىمكى يۇناندىكى داڭلىق ئافىنا قورغىنى ھازىرقى ئاتلانتا
شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئېدىرلىق ئۇستىگە جايلاشقان، ئۇ قەدىمكى يۇنانىنىڭ بىناكارلىق
سەنئىتىدىكى بىر نۇرلۇق مەرۋايىت.

www.uyghurkitap.com




ماتېماتىك ئارخىمېد ئۆزىنىڭ فورمۇلىسىنى ھېسابلىماقتا.

پىفاگور تەبىئىي سانلار ئالەمدىكى مەۋجۇداتلارنىڭ تېپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇ «مەۋجۇداتلارنىڭ ئۆزى ساندۇر» دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم پىفاگور تېئورېمىسىنى ياراتقان.



ھومېر
(مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 9 ~ 8 ئەسىرلەر)

ھومېر قەدىمكى يۇناننىڭ ئەما شائىرى. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئۇ قەدىمكى يۇناننىڭ ئەڭ بۈيۈك تارىخىي ئېپوسى «ئىلئادا» بىلەن «ئودېسسا»نى ئىجاد قىلغان. بۇ ئىككى ئېپوس يۇناننىڭ بىرلىكى ۋە قەھرىمانلىقىنىڭ سىمۋولى، ئۇ غەرب ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن.

## «ئافېنا بىلىم يۇرتى»

ئىتالىيىلىك رەسسام رافائېلنىڭ داڭلىق رەسمى «ئافېنا بىلىم يۇرتى» ۋاتىكان پاپاسىنىڭ ئوردىسىغا سىزىلغان تام سۈرىتى. بۇ رەسىمدە ئىنسانلارنىڭ ئۆزىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەقدىرىدىن گۇمانلىنىشى ۋە خاتىرجەمسىزلىكى ئىپادىلەنگەن. يۇناننىڭ بارلىق پەيلاسوپلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەردە بولۇپ، ھەرقايسىسىنىڭ قىياپىتى ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۇرگەن. بۇ رەسىمدىن يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىي قىلغانلىقىنىمۇ كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.



## مەدەنىيەت پېشۋالىرىنىڭ بۆشۈكى

قەدىمى يۇنان دەۋرىدە نۇرغۇن مەدەنىيەت پېشۋالىرى مەيدانغا كەلگەن. نۇرغۇن ئالىملار ھەم پەيلاسوپ، ھەم ماتېماتىك، شۇنداقلا ئەدىب ۋە تارىخشۇناس ئىدى. مەسىلەن، ئارىستوتېل ئۇلۇغ پەيلاسوپ، يەنە بىئولوگ ئىدى؛ ئارخىمېد بىلەن ئېۋكلىد ماتېماتىك ۋە پەيلاسوپ ئىدى. ئۇلار دائىم بىر - بىرى بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۆز تەلىماتىنى مۇكەممەللەشتۈرەتتى. ئەينى چاغدا نۇرغۇن پەيلاسوپلار بىلەن ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرى ئافېنادا پائالىيەت قىلغان، پلاتون ئىلىم يۇرتى، ئارىستوتېل ئېقىمىنىڭ مەكتەپلىرى بار ئىدى، يەنە ئېپىكۇرۇس ئېقىمى ۋە ستوك ئېقىمى بار ئىدى. ھەربىر شەھەر دۆلىتىنىڭ ئۆزىنىڭ كۇتۇپخانىلىرى بولۇپ، نۇرغۇن كىتابلار ساقلىناتتى.




## قەدىمكى يۇناننىڭ تەنتەربىيە ھەرىكىتى

يۇنانلىقلار بەدەننىڭ گۈزەللىكىگە چوقۇنۇپ، تەنتەربىيىنى ياخشى كۆرەتتى. شائىرلار شېئىرى بىلەن تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى غالىبلارنى مەدھىيىلەيتتى، ھەيكەلتاراشلار ھەرىكەت ماھارىتىنىڭ گۈزەللىكىنى ھەيكەل ئارقىلىق ئىپادىلەيتتى. ھازىرقى ئولىمپىك تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قەدىمكى يۇناندا بارلىققا كەلگەن. قەدىمكى يۇناندا يەنە مەخسۇس تەنتەربىيە مەكتىپى تەسىس قىلىنغان، ئۇ ئەرلەرگە يۇنان مەدەنىيىتى تەربىيىسى بېرىدىغان بىر خىل ئاپپارات ئىدى. يىگىتلەر مەكتەپتە بەدەن تەربىيىسى، يەنە، مۇنازىرىشۇناس (ناتىق) ۋە سوفىست ئالىملاردىن تەربىيە ئالاتتى.



سەنئەتكارنىڭ ھەرىكەت ماھارىتىنى قايتا ئەكس ئەتتۈرگەن ھەيكەلتاراشلىق ئەسىرى «دىسكا ئاتقۇچى»

## ئافېنا ئىلاھ ئىبادەتخانىسى

ئافېنا ئىلاھ ئىبادەتخانىسى ئافېنا قورغىنىنىڭ ئەڭ ئېگىز يېرىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ مەركىزىدىكى ئىمارەت پارتېنون ئىبادەتخانىسى بولۇپ، ئۇ يەردە ئافېنانىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى — ئافېنا پارتېنونغا ھۆرمەت بىلدۈرۈلىدۇ. ئافېنا قەدىمكى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئەقىل - پاراسەت ئىلاھى. رىۋايەت قىلىنىشچە، توقۇمىچىلىق، تىكمىچىلىك، نەققاشلىق، ساپالچىلىق قاتارلىق ھۈنەرلەرنى ئىنسانلارغا ئۆگەتكەن، شۇڭا ئافېنا شەھىرىنىڭ قوغدىغۇچى ئىلاھى قىلىنغان. ئافېنا ئىلاھ ئىبادەتخانىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا سېلىنغان، ھازىر ئۇ مۇقەددىمە رايونغا كىرىدىغان دەرۋازا ۋە پارتېنون ئىلاھ ئىبادەتخانىسى ساقلىنىپ قالغان.

# قەدىمكى رىم



قەدىمكى رىم رىم جۇمھۇرىيىتى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 509 ~ 208 - يىللار) ۋە رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 27 - يىلدىن مىلادىيە 476 - يىلىغىچە)نى كۆرستىدۇ. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى ئىتالىيە ئاساسىي جەھەتتىن بىرلىككە كېلىپ بولغان ھەم سىرتقا قاراپ كېڭىيىشكە باشلىغانىدى. رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە سىياسىي كۈرەش ئىنتايىن ئۆتكۈر ۋە رەھىمسىز بولغان، ئىچكى جەھەتتە پادىشاھنىڭ مۇستەبىتلىك ئورنى تالىشىلسا، سىرتقى جەھەتتە ئۈزلۈكسىز تالان - تاراج قىلىش ئۇرۇشى قىلىنىدى. بۇ جەرياندا، رىم ئىمپېرىيىسى قۇدرەت تېپىپ گۈللىنىپ زېمىنى كېڭەيگەن، ھاكىمىيەت بىرلىككە كەلگەن، سودا تەرەققىي قىلغان، شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى چوڭايغانىدى. قەدىمكى رىملىقلار باشقا مەدەنىيەتلەرنى قوبۇل قىلىش ئاساسىدا، ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ راۋاجلاندۇرغان ھەم يۇنان مەدەنىيىتىنى ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىغا تارقاتقانىدى.



## ئانا بۆرىنىڭ بوۋاقنى ئېمىتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت

رىۋايەت قىلىنىشچە، قوشكېزەك قېرىنداشلار رومۇلۇس بىلەن رېموس ئالبا دۆلىتىنىڭ مەلىكىسى سېرۋىيە بىلەن ئۇرۇش ئىلاھى مارسنىڭ ئەۋلادى ئىكەن. ئۇلار تۇغۇلۇشى بىلەنلا، پادىشاھلىق تەختىنى تارتىۋالغۇچىلار ئۇلارنى تېۋىر دەرياسىغا تاشلىۋەتكەن، كېيىن ئۇلارنى بىر چىشى بۆرە ئېمىتىپ ۋە بىر پادىچى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، رەقىبلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، تەختنى قايتۇرۇۋالغان ھەم ئۆزلىرى تاشلىۋېتىلگەن جايغا رىم شەھىرىنى بىنا قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بۇ رىۋايەتنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، چىشى بۆرە بوۋاقلارنى ئېمىتىۋاتقان ھەيكەل رىمنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.



رىۋايەت قىلىنىشچە، رىم شەھىرى سېلىنغان دەسلەپكى مەزگىللەردە شەھەردە ئاياللار بەك ئاز بولغاچقا، رىم پادىشاھى ئەسكەرلىرىگە سابىنغا بېرىپ ئاياللارنى بۇلاپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئىش سابىن ئەرلىرىنى رىمغا ئىنتايىن ئۆچ قىلىۋېتىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رىمغا ھۇجۇم قوزغاپتۇ. ئىككى تەرەپ كەسكىن ئېلىشىۋاتقاندا، رىملىقلارغا تېگىپ بالا تۇغقان سابىن ئاياللىرى باللىرىنى كۆتۈرۈپ جەڭ مەيدانىدا پەيدا بولۇپ، ئاتا قېرىنداشلىرى بىلەن ئەرلىرىنى بىر - بىرىنى قىرىشتىن توسۇپ قاپتۇ.



## باتۇر ئەسكەرلەر ۋە سىرتقا كېڭىيىش

قەدىمكى رىم جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە، ئۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئارمىيە ئىنتايىن قۇدرەتلىك، ئەسكەرلەر باتۇر، ئۇرۇشقا ماھىر بولغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 5 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ، رىم قوشۇنى سىرتقا كېڭىيىش داۋامىدا كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلغان. ئۇلار ئىتالىيىنى بىرلىككە كەلتۈرگەن، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي تەرىپى، غەربىي تەرىپى ۋە غەربىي ئاسىيا رايونىنى تىزگىنلىگەن، شۇنىڭ بىلەن رىم ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا قىتئەلىرىدىن ھالقىغان زور ئىمپېرىيىگە ئايلانغان.

## رىمنىڭ تۇنجى پادىشاھى

ئوكتاۋىئۇس رىم ئىمپېرىيىسى دەۋرىدىكى تۇنجى پادىشاھ. ئۇ سېناتنىڭ قوللىشى بىلەن، ئۇرۇش ئارقىلىق سىياسىي دۈشمىنى ئانتونىنى يوقىتىپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالغان، ئارمىيىنى ئۆزى بىۋاستە باشقۇرۇپ، جاي - جايلاردا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشكە ۋالىيلارنى ئەۋەتكەن ھەم رىم قانۇنى ئارقىلىق دۆلەتنى تىزگىنلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «ئەڭ ئالىي قوماندان» دەپ ئاتالغان. ئوكتاۋىئوستىن كېيىنكى بىرنەچچە پادىشاھ ئۇنىڭ تۈزۈلمىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دۆلەتنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئاۋاتلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنى ئەينى چاغدا دۇنيادىكى ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلەتكە ئايلاندۇرغان.



ئوكتاۋىئۇس (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 63 - يىلدىن مىلادىيە 14 - يىلىغىچە)

## رىمنىڭ سېناتى

رىم جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە سېنات، پۇقرالار قۇرۇلتىيى، كونسۇل ئۈچ تەرەپ بىرلىكتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. كۆپ قىسىم ئەھۋاللاردا سېناتنىڭ ھوقۇقى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى، ئۇ كونسۇلنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىشنى نازارەت قىلىدىغان، يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئەڭ ئالىي مەمۇرىي ئاپپارات ئىدى. سېنات 300 ئاقسۆڭەك يەرلىك ئەمەلداردىن تەركىب تاپاتتى، ئۇلار كونسۇل، تربۇن، تەپتىش ئەمەلدارى، چوڭ كاھىن ۋە گېنېراللاردىن ئىبارەت. دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى سېناتتا نۇتۇق سۆزلەش، مۇنازىرە قىلىش ۋە ئاۋاز بېرىش ئارقىلىق قارار قىلىناتتى. دېموكراتىيىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن، تربۇن ۋە ئاۋام مەجلىسى ئاۋامنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىل بولۇپ، تەكلىپ لايىھىسىنى رەت قىلسا بولاتتى.

قەدىمكى رىم سىياسىيونى سىسېرو سېناتتا سۆز قىلماقتا.



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قەيسەر — قەدىمكى رىمنىڭ گېنېرالى، مۇس-تەبىت ۋە سىياسىيون. ئۇ ئارمىيىنى ئىدارە قى-لىشقا ماھىر، ئەقىللىق، تەدبىرلىك، سىياسىي جەھەتتە ئادەتتىكى قائىدىلەر بىلەن چەكلىنىپ قالماي، بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى يۈرگۈزگەن. ئۇ-نىڭ «گاللىيە ئۇرۇشى خاتىرىسى»، «ئىچكى ئۇ-رۇش خاتىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلىرى ناھايىتى يۇقىرى تارىخىي ماتېرىيال قىممىتىگە ئىگە.

## قەدىمكى رىمنىڭ سۇ بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلۇشى

قەدىمكى رىملىقلار سۇ بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئىنتا-يىن ئىلمىي، مۇۋاپىق لايىھىلىگەن. سۇ شەھەرنىڭ نەچچە كىلومېتىر سىرتىدىكى سۇ مەنبەسىدىن تاشتىن ياسالغان قوش ئارقىلىق شەھەر ئىچىگە ئېقىپ كىرەتتى، ئاندىن ئاقسۇغەكلەرنىڭ قورۇقلىرىغا، ئام-مىۋى مۇنچىلارغا ۋە ئاۋامنىڭ ئۆيلىرىگە تەقسىملەپ بېرىلەتتى.



قەيسەر (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 100 ~ 44 - يىللار)




ئەگمە كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە يا-سالغان قوشنىڭ بىر بۆلىكى




قوش ئۈستى - ئۈستىلەپ نەچچە ...ۋەت ياسالغان، ئوخشىمىغان ئىشلە...ش ئورۇنلىرىغا لايىقلاشتۇرۇپ، بۇ ...وشلاردىن ئوخشاشمىغان مەنبەلەردى...ى سۇلار باشلاپ كېلىنىدۇ.

## قەدىمكى رىمنىڭ پارلاق بىناكارلىقى

رىم شەھىرىنىڭ كۆلىمى ناھايىتى چوڭ، ئىنچىكە لايىھىلەنگەن. شەھەرنىڭ دەل جەنۇبىغا قەي-سەر ئىمپېرىيىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن زەپەر دەرۋازىسى ياسالغان، بۇ ھەيۋەتلىك ئېگىز ئىمارەت رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ روھىنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. شەھەر رايونى ئىچىدە مۇۋاپىق لايىھىلەنگەن يۇندى چىقىرىش سىستېمىسى بار. يوللار تۈز تارتىلغان، بىنالارنىڭ كۆپ قىسمى چاسا شەكىللىك، يەنە تۈز-لۈك ۋە كارىدورلىرى بار. بۇنىڭ ئىچىدە ئىبادەتخانا، يۇقىرالار يىغىن سارىيى، ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى ۋە ئاممىۋى مۇنچىلار رىم شەھىرىنىڭ مۇھىم سورۇنلىرى ۋە ئىمارەتلىرى بولۇپ ھېسابلىنى-دۇ. ئۇلار قەدىمكى رىم بىناكارلىقىنىڭ پارلاق مۇۋەپپەقىيىتى.

## قەدىمكى رىمنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانى

ئۇ بىر يۇمىلاق شەكىللىك قۇرۇلۇش. ئۇنىڭ 80 ئىشىكى بار، 50 مىڭ ئادەم سىغىدۇ. ئويۇن كۆرسىتىش مەيدانىغا ياغاچ تاختاي ياتقۇزۇل-غان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇم يېيىتىلغان. ئاستىدا ئېزىتقۇ سارايغا ئوخ-شاش يوللار ۋە گلادىئاتورلار، ئەسىرلەر ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى سولايدى-غان ئۆيلەر ياسالغان. ھازىر بۇ ئىمارەتنىڭ يېرىمى ئۆرۈلۈپ كەتتى، لې-كىن ئۇ يەنىلا قەدىمكى رىمنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ شۆھرىتىنى نامايان قى-لىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە ئەينى يىللاردا قۇللار بىلەن ئەسىرلەرنىڭ بە-دىلىگە ئۆزلىرىنى خۇش قىلىدىغان قانلىق تارىخ خاتىرىلەنگەن.



داڭلىق ئابىيا يولى

قەدىمكى رىمنىڭ ماھارەت كۆرسىتىش مەيدانىنىڭ ئورنى



قەدىمكى رىمنىڭ يوللىرى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا ئىنتايىن مەشھۇر. ئۇنىڭ ئىچىدە ئابىيا يولى تۈز ھەم كەڭ، يولنىڭ ئۇلى مۇستەھكەم، يولغا تاش ياتقۇزۇلغان. يول يۈزى سۇلارنى چىقىرىۋېتىشقا ئەپلىك قىلىپ، ئوتتۇرىسى ئېگىز، ئىككى يېنى پەس ياسالغان. داغدام يوللار رىمنىڭ سىرتقى جايلارنى بويسۇندۇرۇش ۋە ھۆكۈمرانلىق قى-لىشىغا شەرت ھازىرلاپ بەرگەن، شۇنداقلا كېيىنكى مەزگىلدىكى مىللەتلەرنىڭ چوڭ كۆچۈشى ۋە خىرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان.



## ئۇزاق ئوتتۇرا ئەسىر

«ئوتتۇرا ئەسىر» دېگەن سۆزنى ياۋروپالىقلار 15 - ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويۇپ، ياۋروپا تارىخىنىڭ 5 - ئەسىردىن 15 - ئەسىرگىچە بولغان دەۋرىنى، يەنى قەدىمكى رىم مەدەنىيىتى خارابلاشقاندىن كېيىنكى ۋاقىتتىن تارتىپ ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن بۇرۇنقى دەۋرنى كۆرسەتكەن. 1000 يىلدىن ئۇزاق سوزۇلغان ئوتتۇرا ئەسىردە، غەربىي ياۋروپا نۇرغۇن دۆلەتكە پارچىلىنىپ كېتىپ، ئاقسۆڭەك پومېشچىكلار ھۆكۈمرانلىق مەركىزى بولغان فېئوداللىق سىياسىي تۈزۈم شەكىللەندى. ئەينى چاغدا، خىرىستىئان دىنى جەمئىيىتى ئىدىيە ۋە ئىلىمگە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى قوزغالغاندىن كېيىن، قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ ئەركىن ئەنئەنىسى ئەسلىگە كەلدى، شۇندىلا ئىدىيە مۇستەبىتلىكىدىن ئىبارەت زۇلمەتلىك دەۋر ئاخىرلاشتى.

قورۇقتىكى يەرلەر ئاساسەن قورۇقنىڭ يەر ئىگىسىنىڭ ئىگىدارلىقىدا بولاتتى، دېھقانلار ئۆزىگە مەنسۇپ بولغان ئىنتايىن ئاز يەرگىلا ئىگە بولالايتتى، ئۇنىڭدىن باشقا، يەنە مەخسۇس دىنىي جەمئىيەتكە تەۋە يەرلەرمۇ بار ئىدى.




ئوتتۇرا ئەسىردىكى قورۇق

قورۇقنىڭ بازىرىدا بىر قىسىم ئاددىي تاۋار ئالماشتۇرۇش بولىدۇ، قورۇق ئىچىدە ئىشلەپ چىقارغىلى بولمايدىغان تۇز، تۆمۈر قاتارلىقلار سىرتتىن كەلگەن سودىگەردىن سېتىۋېلىنىدۇ.

### قورۇق ئىگىلىكى

ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپادا ئۆز - ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان قورۇق ئىگىلىكى ئومۇملاشتى. قورۇقنىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى فېئودال يەر ئىگىسى بولۇپ، قورۇقتا ھەر خىل ئىمتىيازلاردىن بەھرىمەن بولاتتى ھەم يانچىلىق تۈزۈمى ئارقىلىق دېھقانلارنى تىزگىنلەيتتى. ئىقتىساد، ئەدلىيە، دىن قاتارلىق ئاساسلىق پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى قورۇق ئىچىدە ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇ خىل بېكىنمە قورۇق ئىگىلىكى ئاقسۆڭەك يەر ئىگىسىنىڭ يانچىلارغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ۋە دىنىي يەر - مۈلۈكنى باشقۇرۇشىغا ئىنتايىن قولايلىق يارىتىپ بەرگەچكە، ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆزگەرمەي داۋاملاشتى.



ئوتتۇرا ئەسىردە سېلىنغان چوڭ چېركاۋدا گوت ئۇسلۇبىدىكى ناھايىتى نۇرغۇن ئىمارەت بار. چېركاۋنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى، ئۆگزىسى ئۇچلۇق، ئەگمە شەكىللەردە سېلىنغان بولۇپ، خۇددى مەشئەلگە ئوخشايدۇ، ئۇ فېئودال دىنىي ئىمتىيازنى تولۇق نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.



T . ئاكۇنا (تەخمىنەن 1225 ~ 1274)

ئاكۇنانىڭ قارىشىچە، ئالتۇن - كۈمۈش، مال - دۇنيا سۇنئىي بايلىق بولغاچقا، دۆلەت ۋە شەخسلەرنىڭ قوغلىشىدىغان نىشانى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. شەخسنىڭ ئىلكىدىكى مال - مۈلۈك پەقەت ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە مۇناسىپ كەلسىلا، تەقسىمات ئادىل بولغان بولىدۇ.

### ئىلاھىيەتشۇناس ئاكۇنا

ئاكۇنا 13 - ئەسىردىكى ئىتالىيىنىڭ ئىلاھىيەتشۇناسى ۋە بىلىم يۇرتى پەيلاسوپى. ئۇ بىر قاتار ئىلاھىيە مەسىلىلىرىنى پەلسەپە ئۇسۇلى ئارقىلىق دەلىللىگەن، ئۇ يازغان «ئىلاھىيەت قامۇسى» خىرىستىئان دىنىنىڭ قامۇسى دەپ قارالغان.

www.uyghurkitap.com





ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدىكى ياۋروپادا دېڭىز سودىسى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدى. ئادرىيات دېڭىزىنىڭ غەربىي شىمال بېشىغا جايلاشقان ۋېنىتسىيە ياخشى جۇغراپىيىلىك ئورۇنغا ۋە تەبىئىي مۇھىتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى چاغدىكى ياۋروپادىكى ئەڭ چوڭ پورتقا ئايلانغان، شۇنداقلا ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ سودا، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش مەركىزى بولغان. دېڭىز سودىسى بۇ شەھەرنىڭ بايلىق توپلىشىغا ئاساس سېلىپ بەرگەن.

## ئۇرۇش ۋە قارا كېزىك

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللى قەھەتچىلىك يىللار بولۇپ، ياۋروپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئاپەت كۆپ بولدى، بولۇپمۇ 14 ـ ئەسىردە چاشقان ۋاباسى (قارا كېزىك دەپمۇ ئاتىلىدۇ) كەڭ تارقالدى، تەخمىنەن 25 مىليون ئادەم مۇشۇ ۋابا بىلەن ئۆلۈپ كەتتى. تىنىمسىز ئۇرۇشلار نۇرغۇن شەھەر ۋە يېزىلارنى چۆلدەرىتىۋەتتى.



ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىدە ئۇرۇش بىلەن قارا كېزىك ياۋروپانى جەسەتكە تولدۇرۇۋەتتى.

سۇ تۈگمىنى تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، ياۋ-
-پالىقلار دىققىتىنى شامال كۈچىنى ئىدارە قىلىشقا قارات-
-، شامال تۈگمەنلىرى مودا بولۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭدا ئۇن
-تىلدى.

## ئوتتۇرا ئەسىردىكى قەلئەلەر

ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق تۈزۈم ياۋروپا زېمىنىنى قەلئە بىلەن تولدۇرۇۋەتتى. نۇرغۇن قەلئە ھازىرغىچە مۇكەممەل ساقلىنىپ، ئىنسانلارنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت مىراسىغا ئايلاندى. قەلئە ئۆز ـ ئۆزىنى بېكىندۈرىدىغان بىر خىل قورۇلۇش، ئۇ نۇرغۇن مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىنى ئىچىگە ئالىدۇ. قوغدىنىشقا قۇلايلىق بولۇشى ئۈچۈن، قەلئەلەر قىيالار چوقچىيىپ تۇرغان تاغ ئۈستىگە سېلىنىدۇ، ئەگەر قەلئەگە كىرمەكچى بولسا، بىردىنبىر يول بىلەن يۇقىرىغا چىقىشقا توغرا كېلەتتى. قەلئەنىڭ خوجايىنى قورۇق ئىگىلىرى بولۇپ، ئۇلار دېھقانلارغا يەر ئىجارە بېرىپ، ئىجارە ھەققى ۋە باج ئېلىشقا تايىنىپ، باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتى.




كىشىلەر بېكىنمە قورۇقتا ياشاپ، سىرت بىلەن ناھايىتى ئاز ئالاقە قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار تاشقى دۇنيادىكى كىشىلەرنى غەلىتە شەكىلدە تەسەۋۋۇر قىلاتتى.





## ئوتتۇرا ئەسىردىكى مائارىپ

ئوتتۇرا ئەسىردىكى «ئالىي مەكتەپ»لەر ھازىرقى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسى. ئۇلارنىڭ ئەڭ
-سلەپكى مەقسىتى مىسسىئونېر ۋە موناخلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى چېركاۋ ۋە موناستىرلاردىكى
-گىنىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېخىمۇ يۇقىرى تەربىيىگە ئىگە قىلىش. بۇنداق ئالىي مەكتەپلەر
-روپانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ئوچۇق بولاتتى. 12 ـ ئەسىردىن كېيىن، ئۆرپ ـ
-ەت تەربىيىسى شۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەققىي قىلىپ، ئىتالىيىدىكى بولنىيە ئۇنىۋېرسىتېتى بىـ
-ن فرانسىيىدىكى پارىژ ئۇنىۋېرسىتېتى ھەممە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئۈلگىسى بولۇپ قالدى.

# دىن سىياسىيسى ۋە ئۇرۇش

ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا دىنىي هوقۇق بىلەن خانلىق هوقۇق هەم بىر - بىرىدىن پايدىلانغان، هەم بىر - بىرى بىلەن زىددىيەتلەشكەن. پۈتكۈل 13 - ئەسىردە پاپانىڭ ئىمتىيازى ئىنتايىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. مەيلى غەرب دۇنياسىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ياكى شەرق، غەرب ئارىسىدا بولسۇن، دىنىي كۈچ هەل قىلغۇچ رول ئوينىغان هەم بىرمۇنچە دىنىي ئۇرۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.



## موناستىر

ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىردە دىنىي ئەقىدىلەرنى ئۆگىنىش - ئۆگىنىش تۈزۈمى ئىنتايىن ئومۇملاشقان. نۇرغۇن موناستىرنىڭ ئۆزى چوڭ قورۇق بولۇپ، يەر ۋە يانچىلارنى ئىلكىدە تۇتاتتى. موناستىرنىڭ تۆت تەرىپى ئېگىز تام بىلەن قورشىلىپ، تاشقى دۇنيادىن ئايرىۋېتىلگەنىدى. بۇ چاغدىكى موناستىرلار هەم دىنىي تەشكىلات، هەم ئىقتىسادىي گۇرۇھ، يەنە مائارىپ، ئىلىم مەركىزى بولۇپ، ئالاهىدە ئىجتىمائىي كۈچكە ئايلانغانىدى.



ئوخشاشمىغان ئىلاهىيەت قارىشىدىكى كىشىلەر كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.




چېركاۋ — موناستىردىكى مەركىزىي قۇرۇلۇش، موناخلار چېركاۋدا تىلاۋەت قىلىدۇ ۋە مۇناجات ئوقۇيدۇ.

موناستىردا دوختۇرخانا تەسىس قىلىنىپ، ياشانغانلار بىلەن كېسەللەرگە غەمخورلۇق قىلىنىشمۇ موناخلارنىڭ مۇهىم خىزمىتى ئىدى.

قەبرىستانلىق موناستىرنىڭ يېنىغا جايلاشتى.

## بىدئەتچىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش

ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدا دىنىي جەمئىيەت هوقۇقىنى مۇستەهكەملىگەندىن كېيىن، ئوخشاشمىغان ئىلاهىيەت قارىشىدىكى كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. دىنىي جەمئىيەت بۇ كىشىلەرنى بىدئەتچى دەپ ئاتاپ، مەخسۇس بىدئەتچىلەرنى سوتلاش ئورۇنلىرىنى تەسىس قىلىپ، بۇ كىشىلەرنى سوراق قىلدى. جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلارغا ئوخشاشمىغان دەرىجىدە جازا بەردى، يېنىكلىرىگە ئىنجىلنى ئوقۇپ، تىلاۋەت قىلىش، ئېغىرلىرىغا ئۆمۈرۋايەت قاماق جازاسى بەردى. گۇناهىنى ئېتىراپ تونۇمىغانلارنى ئۆرپ - ئادەت سوتىغا تاپشۇرۇپ، ئۆلۈم جازاسىغا هۆكۈم قىلاتتى.



تۈرك

## تۈركلەر

رىم ئىمپېرىيىسىگە شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسى ۋارىسلىق قىلىپ، تارىختا ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى دەپ ئاتالدى. ۋىزانتىيە ئىمپېرىيىسى خارابلاشقان پەيتتە، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان تۈركلەر كەينى - كەينىدىن غەلىبە قىلىپ، ۋىزانتىيىنىڭ كىچىك ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى كۆپ قىسىم زېمىنىنى بويسۇندۇردى. ياۋروپانى مەركەز قىلىش كۆزقارىشىدىكىلەر تۈركلەرنى غەرب ئەللىرىگە غايەت زور تەهدىت دەپ قارىدى.

www.uyghurkitap.com





ئەھلسەلىپ
نىڭ چەۋەندازى

## ئەھلسەلىپ ئارمىيىسىنىڭ شەرققە تاجاۋۇز قىلىشى

1096 ~ 1291 ـ يىللىرى غەرب شەرقتىكى ئىسلام دۆلەتلىرىگە سەككىز قېتىم ھەربىي تاجاۋۇز قىلىپ، ئېرۇسالىم (قۇددۇس) شەھىرىنى ۋە ئەيسانىڭ ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك رايونلارنى كونترول قىلماقچى بولدى. شەرققە تاجاۋۇز قىلغۇچىلار كرېست بەلگىسى تاقىغانلىقى ئۈچۈن، ئەھلىسەلىپ (كرېست) ئارمىيىسى دەپ ئاتالغان. رىم پاپاسى كىشىلەرنىڭ دىنىي كەيپىياتىنى قوزغىتىپ، ياۋروپالىقلارنى شەرققە بېرىپ زېمىن ئىشغال قىلىش ۋە بايلىق بۇلاشقا دەۋەت قىلدى. لېكىن، بۇ سەككىز قېتىملىق تاجاۋۇزنىڭ ھەممىسى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ قەتئىي قايتۇرما زەربىسىگە ئۇچرىدى. ئوبيېكتىپ جەھەتتىن ئالغاندا، ئەھلسەلىپ ئارمىيىسىنىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە تۈزۈم جەھەتتىن ئالماشتۇرۇش، تەرەققىي قىلىشقا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.



ۇرۇشقا ئاتلانغان
ەھلسەلىپ ئارمىيىسى




موناستىر يېنىدا كۆكتاتلىق ۋە ئېتىز ـ ئېرىقلار بولۇپ، موناخلارمۇ ئېتىزدا ئىشلەيتتى.

## چەۋەنداز

چەۋەنداز رەسمىي مەشقلەندۇرۇلگەن ئاتلىق ئەسكەرنى كۆرسىتىدۇ. چەۋەندازلار فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ قوشۇنىدا ۋەزىپە ئۆتەيدۇ ھەم ئۇلار بۆلۈپ بەرگەن يەرگە ئېرىشىدۇ. چەۋەنداز بولۇش ئۈچۈن جاپالىق جەرياننى باشتىن كەچۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇلار ئۆسمۈر چېغىدىلا دادىسىغا ئەگىشىپ ھەربىي يۈرۈشلەرگە چىقىدۇ، دادىسىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئائىلىسىدە مەدەنىيەت تەربىيىسى ئالىدۇ. قۇرامىغا يەتكەندىن كېيىن، خوجايىنى ئۈچۈن جەڭگە چىقىدۇ، چەۋەندازلىق ئۆلچىمىگە يەتكەندىن كېيىن، چەۋەندازلىق نامىغا ئېرىشىدۇ. ئەھلسەلىپ ئارمىيىسى شەرققە يۈرۈش قىلغاندا، زور تۈركۈمدىكى چەۋەندازلار جەڭگە قاتنىشىپ، ئەھلسەلىپ ئارمىيىسىنىڭ ئاۋانگارتلىرى بولغان.



دھارماچاكرا



بۇددا

دىنىدا بۇددانى دىنىنىڭ ئەڭ ئالىي ئاساسچىسى دېيىلىدۇ. دھارماچاكرا بۇددا دىنىنىڭ قانۇنىغا ئوخشىتىپ ئاتالغان بولۇپ، بۇددا قانۇنى ھارۋىنىڭ چاقىغا ئوخشىتىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆمرى چاقىا ئوخشاش ئايلىنىپ تۇرىدۇ دەپ قارىلىدۇ.

## ىنىڭ زور تەرەققىياتى

خرىستىئان دىنى ئەسلىدە پەلەستىن رايونىدا پەيدا بولغان، كېيىن رىم ئىمپېرىيىسىگە تارقالغان، 400 راۋاجلىنىش ئارقىلىق، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ دۆلەت دىنىغا ئايلانغان. 5 ـ ئەسىردىن 15 ـ ئەسىرە خرىستىئان دىنى پۈتكۈل ياۋروپانى بويسۇندۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى تەسىرى ئەڭ زور دىنىي سىستېما ئايلاندى. ئىسلام دىنى بىلەن بۇددا دىنىمۇ ئوتتۇرا ئەسىردە تېز تەرەققىي قىلدى. ئىسلام دۆلەتلىرى لسەلىپ ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسەتتى ھەم ئاخىر غەلىبە قىلدى. بۇددا دىھىندىستاندىن شەرققە تارقىلىپ ئاسىيا ئەللىرىگە كىردى ھەم نۇرغۇن مەزھەپلەر شەكىللەندى.



خرىستىئان دىنىي مىلادىيىنىڭ 1 ـ يىلى ئەتراپىدا پەيدا بولغان، ئۇ خرىستوس ئەيسانى نىجاتكار دەپ قارايدىغان ھەرقايسى دىنىي مەزھەپلەرنىڭ ئورتاق نامى. ئۇ كاتولىك دىنى، پراۋوسلاۋىيە دىنى، پروتېستانت دىنى ۋە بىر قىسىم ئۇششاق دىنى مەزھەپلەرنى ئىچىگە ئالىدۇ، خرىستىئان دىنى ئەيسانىڭ بۇ ئالەمدىكى كىشىلەرنىڭ گۇناھى ئۈچۈن كرېستقا مىخلانغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، شۇڭا كرېست جازىسىنى ئېتىقادىنىڭ بەلگىسى قىلغان.



كرېست جازىسىنىڭ ھەر خىل شەكىللىرى بار.



ھىلال ئاي ئىسلام دىنىدا دائىم قوللىنىلىدىغان بەلگە



ئىسلام دىنى 7 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب يېرىم ئارىلىدا پەيدا بولغان، ئاللاھ ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدىكى ئەڭ ئالىي ھۆكۈمران پ قارايدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدىغانلار مۇسۇلمان، يە «ئاللاھنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنغۇچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

# ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى



ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشى ئوتتۇرا ئەسىردىن كېيىنكى ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ بىر يېڭى دەۋرى ھېسابلىنىدۇ. دىنىي جەمئىيەتنىڭ ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقان ئىدىيە ھۆكۈمرانلىقىنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەدىبلەر، ئالىملار ۋە سەنئەتكارلار قەدىمىي يۇنان، قەدىمىي رىم مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نەتىجىسىنى قايتىدىن بايقىدى، شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن كلاسسىك سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە ئىلىم روھى يېڭى ھاياتقا ئېرىشتى. بۇ يېڭى دەۋر كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىدىن باشلىنىپ، تەدرىجىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا يۈزلەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ دەۋر «ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرى» دەپ ئاتالدى.




ماچياۋېللى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى سىياسىي ئىدىيىنىڭ ۋەكىلى

## فلورۇنسادىكى سەرخىللار

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى ئىتالىيىنىڭ فلورونسادا مەيدانغا كەلگەن. بۇ يەردە سودا گۈللەنگەن، مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانىدى. ئەينى چاغدا بايلار ھەشەمەتلىك ئۆيلەر ۋە ئوردا ـ قەسىرلەرنى سالدۇرغان، كۆپ قىسىم ئىمارەتلەر قەدىمكى يۇنان ۋە قەدىمكى رىم ئۇسلۇبىدا سېلىنغان، مەكتەپ ۋە كۇتۇپخانىلارمۇ ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلغانىدى، نۇرغۇن كىشى ئەتراپلىق تەربىيە ئېلىش شارائىتىغا ئېرىشكەنىدى. مۇشۇنداق مۇھىتتا ھەرقايسى ئىلىملەرگە پىششىق ئۇستازلار ئوتتۇرىغا چىقتى، داۋىنچى، مىكېلانجېلو قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق سەرخىل زاتلار ئىدى.




بۇ ماي بوياق رەسىمدە فلورۇنسادىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى كۆپ سانلىق سەرخىل زاتلار توپلانغان.

مېدىچ جەمەتى ئىتالىيىدىكى داڭلىق جەمەت، ئۇلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. فلورۇنسادا ئۇلار ئۆز جەمەتىنىڭ كۇتۇپخانىسىنى بىنا قىلغان. بۇ كۇتۇپخانا ناھايىتى نەپىس لايىھەلەنگەن، ئۇنىڭدا 10 مىڭ 500 قوليازما بار، بۇنىڭ نۇرغۇنى دۇنيا بويىچە ئەڭ قىممەتلىك كۆچۈرۈلمە نۇسخىلار. مىكېلانجېلو مۇشۇ كۇتۇپخانىنىڭ دائىملىق مېھمىنى ئىدى.



مېدىچ جەمەتىنىڭ كۇتۇپخانىسى



داۋىنچى لايىھىلىگەن ئايروپلان

## كۆپ تەرەپلىمە تالانتلىق داۋىنچى



داۋىنچ
(1519 ـ 1452)

داۋىنچى فلورۇنسادا دۇنياغا كەلگەن، ئۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىنىڭ ۋەكىلى. ئۇنىڭ تالانتى رەسىم سەنئىتى، ئىلىم ـ پەن، مۇزىكا، ئىجادىيەت ـ كەشپىيات، يېزىقچىلىق قاتارلىق ھەرقايسى قەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.



شىسىيەن چېركاۋىدىكى تام رەسىمى (بىر بۆلىكى)



مىكېلانجېلو
(1564～1475)

## سەنئەت پىرى مىكېلانجېلو

مىكېلانجېلو فلورۇنسا شەھىرى مەمۇرىي ئەمەلدارىنىڭ ئوغلى، كىچىكىدىنلا ھەيكەلتاراشلىققا ئىشتىياق باغلىغان. ئۇ گۈزەل سەنئەتنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، كېيىن نۇرغۇن كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەتنى ئۆگىنىپ، ئاخىر بىر دەۋرنىڭ پېشۋاسى بولۇپ چىققان. ئۇ ھەيكەلتاراشلىق، رەسىم، بىناكارلىق ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ناھايىتى نۇرغۇن نادىر ئەسەرلەرنى قالدۇرغان. بۇنىڭ ئىچىدە، ۋاتىكاننىڭ شىسىيەن چېركاۋىنىڭ تورۇسىغا سىزىلغان چوڭ تام رەسىمى ئەڭ داڭلىق. ئۇنىڭ پارلاق سەنئەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ئۇنى داۋىنچى، رافائېللار بىلەن بىللە ئىتالىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئۈچ بۈيۈك سەنئەتكار دېگەن نامغا ئېرىشتۈرگەن.

www.uyghurkitap.com
تۈنۈگۈن كىتاب تورىبېكىتى





كوپېرنىك سىزغان قۇياش سىستېمىسى رەسىمى



N . كوپېرنىك
(1543 ~ 1473)

## كوپېرنىكنىڭ قۇياش مەركەز تەلىماتى

كوپېرنىك ــ پولشىلىق ئاسترونومىيە ئالىمى. ئۇ قۇياش ئالەمنىڭ مەركىزى، يەر شارى بىلەن باشقا سەييارىلەر قۇياشنى ئايلىنىپ ھەركەت قىلىدۇ دەپ قارىدى. بۇ نەزەرىيە ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلاھىيەتنىڭ ئالەم قارىشىغا جەڭ ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرى، كىشىلەر ئىزچىل ئالەمدىكى مەۋجۇداتلار يەر شارىنى مەركەز قىلىدۇ دەپ قاراپ كەلگەنىدى. قۇياش مەركەز تەلىماتىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئىنسانلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيىتى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئالەم توغرىسىدىكى قارىشىدا تۈپلۈك ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.



A . ۋېسال
(1564 ~ 1514)



«ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا»نىڭ قىستۇرما سۈرىتى

## ئادەم بەدىنى ئاناتومىيىسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى

1543 ـ يىلى بېلگىيىلىك دوختۇر ۋېسال يەتتە توملۇق «ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدا»نى ئېلان قىلدى. بۇ كىتابتا ئۇ تۇنجى قېتىم ئادەم بەدىنىنىڭ ئىچىدىكى ھەر خىل ئەزالارنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە رولىنى چىنلىق بىلەن بايان قىلىپ، بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى نەچچە يۈز يىل مابەينىدىكى كىشىلەرنىڭ ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى خاتا تونۇشىنى تۈزەتكەن ھەم شۇنىڭدىن ئېتىبارەن توغرا ئاناتومىيىنى بەرپا قىلىپ، قاننىڭ ئايلىنىشىنى بايقاش ئۈچۈن ئاساس سالغان. ۋېسال ئىنسانلارنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنى تونۇش ئىلمىي روھىنى يارىتىپ، ئىدراكچىلىق ۋە تەجرىبە ۋاستىسىنى خۇراپاتلىق ۋە دوگماتىزمنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ، ھازىرقى زامان ئاناتومىيىسى ۋە فىزئولوگىيىسىنىڭ ئاتىسى دەپ ئاتالغان.



گالىلېي كەشىپ قىلغان ئاسترونومىيە تېلېسكوپىنىڭ ياردىمىدە ئالەمدىكى يۇلتۇزلۇق ئاسماننىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى كۆرگىلى بولاتتى، بۇ شۇ دەۋر كىشىلىرىنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇردى.



گالىلېي ئىشلەتكەن ئاسترونومىيە تېلېسكوپى



G . گالىلېي
(1642 ~ 1564)





## ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىشىنىڭ ياۋروپادىكى تەرەققىياتى

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتى 14 ـ ئەسىردە ئىتالىيىدە كۆتۈرۈلۈپ، 15 ـ ئەسىردە گېرمانىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، ئەنگلىيە، گوللاندىيە قاتارلىق جايلارغا تەرەققىي قىلدى، 16 ـ ئەسىردە يۇقىرى پەللىگە يەتتى. ئۇ مەدەنىيەت ھەرىكىتى سۈپىتىدە پۈتكۈل ياۋروپانى قاپلىغاندا، كىشىلەرنىڭ ئىنسانىي ئېڭى ئويغاندى، ئىجادچانلىق ۋە پائال ئىلگىرىلەش روھىغا تولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى چاك ـ چېكىدىن بوشىلىپ كەتتى.

## «بىدئەتچى» ئالىم گالىلېي

گالىلېي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدە ئىتالىيىدە ياشىغان ئاسترونومىيە ۋە فىزىكا ئالىمى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسىنى كۆزىتىش، تەجرىبە قىلىش ۋە مۇستەقىل پىكىر يۈرگۈزۈش ئارقىلىق تەتقىق قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ پايانسىز ئاسمان بوشلۇقىنى تۇنجى بولۇپ تېلېسكوپ بىلەن كۆزىتىپ، كوپېرنىكنىڭ تەلىماتىنىڭ ئىلمىيلىكىنى دەلىللەپ، خرىستىيان دىنىنىڭ ئىدىيىۋى ھۆكۈمرانلىقىنى تېخىمۇ تەۋرىتىۋەتكەن كىشى. شۇڭلاشقا، رىم پاپاسى ئۇنى بىدئەتچى دەپ جاكارلىغان. كېيىن، ئۇزاق مەزگىل نەزەربەند قىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن.



شېكسپېر
(1616~1564)

## ئۇلۇغ دراماتورگ شېكسپېر

شېكسپېر ئەڭ ئۇلۇغ دراماتورگلارنىڭ بىرى. ئۇ ئەنگلىيىدىكى كىچىك كارخانا خوجايىنى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. تىياتىرخانا قارا خىزمەتچىسى، ئارتىس بولغان. كېيىن، ئۇ مول تەجرىبىسى ۋە تالانتىدىن پايدىلىنىپ، 37 دراما ئىجاد قىلىپ، دۇنيا دراما تارىخىدا تەڭداشسىز مۇۋەپپەقىيەت قازانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش دەۋرىدىكى گۇمانىزملىق روھنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىللىك ئەسەرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەرقايسى ئەللەرنىڭ دراماچىلىقىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى.





# مۇستەملىكە سودىسى دەۋرى

15 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19 ـ ئەسىرگىچە پورتۇگالىيە، ئىسپانىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى ئامېرىكا قىتئەسىگە بارىدىغان يېڭى دېڭىز يولىنى ئاچقاندىن كېيىن، ياۋروپالىق كۆچمەنلەر تۇركۇم ـ تۇركۇملەپ ئامېرىكا قىتئەسىگە كېلىپ تېرىقچىلىق ۋە كانچىلىق بىلەن شۇغۇللاندى. ئەمگەك كۈچى بەك كەم بولغانلىقتىن، ياۋروپا مۇستەملىكىچىلىرى ئافرىقىغا بېرىپ نۇرغۇن نېگىرنى بۇلاپ كەلدى، ئاندىن ئۇلارنى ئامېرىكا قىتئەسىگە قۇللۇققا ساتتى ھەم بۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدا ئالدى. نېگىر قۇللارنى ساتىدىغان بۇ خىل سودا مەزگىلى تارىختا مۇستەملىكە سودىسى دەۋرى، دەپ ئاتالدى. مۇستەملىكە سودىسى غەربىي ياۋروپا كاپىتالىزمىنىڭ تەرەققىياتىدا غايەت زور رول ئوينىدى.




## ئۈچ بۇرجەكلىك سودا

مۇستەملىكە سودىسى دەۋرىدە، قۇل سودىگەرلىرى سودا قىلىدىغان دېڭىز يولى ئۈچ شەكىلدە ئىدى: ئۇلار تۇز، رەخت، ئوت ئالغۇچى قورال قاتارلىق نەرسىلەر بېسىلغان كېمىنى ھەيدەپ، دۆلىتىدىن چىقىپ، ئافرىقىغا باراتتى؛ ئافرىقىدا ئۇلار ماللىرىنى قۇللارغا ئالماشتۇراتتى، ئاندىن بۇ قۇللارنى ئاتلانتىك ئوكياندىن توشۇپ ئۆتۈپ، يېڭى قۇرۇقلۇققا ئېلىپ بېرىپ ساتاتتى؛ ئۇنىڭدىن كېيىن، قۇللارنى ساتقان پۇللىرىغا كېمىنى شېكەر، تاماكا قاتارلىق ئېكىنزار مەھسۇلاتى بىلەن تولدۇرۇپ دۆلىتىگە قايتاتتى. بۇ خىل جىنايى سودا داۋامىدا قۇل سودىگىرى نۇرغۇن پايدا ئالاتتى.



برازىلىيەدىكى قۇل بازىرى




«ماي گۈلى» نامىلىق كۆچمەنلەر كېمىسى

## «ماي گۈلى» نامىلىق كۆچمەنلەر كېمىسى

1620 ـ يىلى بىر تۈركۈم پورىتان (16 ـ، 17 ـ ئەسىرلەردە ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى ئۇيۇشتۇرغان دىنىي، سىياسىي ھەرىكەتكە قاتناشقۇچى) ئەنگلىيىنىڭ پورىموس پورتىدىن چىقىپ، «ماي گۈلى» نامىلىق بىر كىچىك يۈك كېمىسىگە ئولتۇرۇپ ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا ماڭدى. ئۇلار توپتوغرا ئىككى ئاي جاپالىق سەپەر قىلىپ، ئاخىر ھازىرقى ئامېرىكىنىڭ ماسساچۇس شتاتىنىڭ كېپرد قولتۇقىدىكى بىر پورتتىن قۇرۇقلۇققا چىقتى. ئۇلار بۇ جايغا پلىموس دەپ نام بەردى. قۇرۇقلۇققا چىقىشتىن بۇرۇن، كېمىدىكى قورامىغا يەتكەن ئەرلەر مەشھۇر «ماي گۈلى شەرتنامىسى»نى ئىمزالىدى. بۇ شەرتنامە شىمالىي ئامېرىكا كۆچمەنلەر تەشكىلاتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ھۆججىتى بولۇپ قالدى.

## يېڭى دۇنيا يارىتىش

16 ـ ئەسىردە ئىسپانىيىلىكلەر شىمالىي ئامېرىكىدا تۇرۇشلۇق ماكان قۇردى. 17 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئەنگلىيىلىك كۆچمەنلەر شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئاتلانتىك ئوكيان قىرغاقلىرىدا مۇتلەق كۆپ سانىنى ئىگىلىدى. تۇركۇملىگەن پورىتانلار باياشات تۇرمۇش ۋە دىنىي ئەركىنلىك ئىزدەپ بۇ «يېڭى دۇنيا»غا كەلدى. ئۇلارنىڭ دىنىي ئىدىيىسى جاپالىق ئىشلەش ۋە مۇستەقىللىق روھىنى تەكىتلەپ، راھەت ـ پاراغەتكە بېرىلىشكە ۋە ھورۇنلۇققا قارشى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ جاپالىق ئىگىلىك يارىتىشى بىلەن ئېچىلغان ئەنگلىيىگە قارام شىمالىي ئامېرىكا مۇستەملىكىسى كېيىنكى چاغدا ئامېرىكا دۆلىتى بولۇپ قالدى.



## قۇل سودىسى

غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە ئامېرىكا قىتئەسى چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئېكىنزارلىقلىرىدا دەھشەتلىك قۇللۇق تۈزۈم ئەۋج ئالدى. ئافرىقىدىكى نېگىرلار زورلۇق بىلەن بۇلاپ كېتىلىپ، ئامېرىكا قىتئەسىگە ئېلىپ بېرىلىپ، تاۋار قاتارىدا سېتىلدى. ئەر قۇللار ئېكىنزاردا ياكى كاندا ئېغىر ئەمگەك قىلاتتى، ئايال قۇللار ئۆيلەردە مالاي بولاتتى، ئۇلاردا ھېچقانداق جىسمانىي ئەركىنلىك بولمايتتى، خالىغانچە ئۆلتۈرۈلەتتى ياكى باشقىلارغا سېتىۋېتىلەتتى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىدىن ئىلگىرى ئامېرىكىدىكى قۇللارنىڭ ئومۇمىي سانى 4 مىليونغا يەتكەنىدى

www.uyghurkitap.com



## خار قۇللار

16 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە غەرب مۇستەملىكىچىلىرى قۇل سودىسىدىن نۇرغۇن پايدا ئالدى. قۇللارنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى ۋە توپىلاڭ قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قۇل توشۇيدىغان كېمىنىڭ پالۇبىسىنىڭ ئەتراپىغا تۆمۈر تور ئورنىتىلاتتى، قۇللارنىڭ پۇت ـ قولى باغلاپ قويۇلاتتى. قىستاڭچىلىق، ئىسسىق، ئاچلىق ۋە كېسەل تۈپەيلىدىن، قۇللارنىڭ نۇرغۇنى ئۆلۈپ كېتەتتى. مۆلچەرگە قارىغاندا، ھەر ئون نېگىر قۇلدىن ئاران ئىككىسىلا ئامېرىكا قىتئەسىگە تىرىك بارالايدىكەن، قالغان سەككىزى ئادەم يولدا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. 300 يىلغا سوزۇلغان بۇ بالايىئاپەتتە ئافرىقا ئاز دېگەندىمۇ 100 مىليون قاۋۇل ئادەمدىن ئايرىلدى.






ئەينى چاغدىن قېپقالغان قۇل توشۇش كېمىسىنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە نېگىر قۇللارنى تىزىش رەسمى



# فرانسىيە ئويغىنىش ھەرىكىتى

17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە خرىستىئان دىنى ئىدىيىسىنىڭ چۈشكىدىن قۇتۇلغان بىر تۈركۈم ئالىم ئەسىرى چوڭقۇر بولغان بىر مەيدان ئىدىيىدە ئويغىنىش ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. بۇ ھەرىكەتنىڭ مەركىزى فرانسىيە ئىدى، ۋالتېر، مونتېسكيۇ، دىدېروت ۋە رۇسسولار ئۇنىڭغا ۋەكىللىك قىلدى. «ئويغىنىش»نىڭ فرانسوز تىلىدىكى مەنىسى «زۇلمەتنى يورۇقلۇق ئارقىلىق قوغلاش». بۇ ھەرىكەت خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال مۇستەبىتلىككە قارشى تۇرۇش، ئەركىنلىككە، باراۋەرلىككە، دېموكراتىيىگە ئېرىشىش ئارزۇسى ۋە تەلپىگە ۋەكىللىك قىلدى.

## ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋالتېر

ۋالتېرنىڭ ئەسلىي ئىسمى M.F . ئاروئېت، 1718 ـ يىلىدىن باشلاپ ۋالتېر دېگەن تەخەللۇسى بىلەن ئەسەر ئېلان قىلغان. ئۇ ئەسەرلىرىدە فرانسىيىنىڭ مۇستەبىتلىكىنى تەنقىد قىلىپ، تەرەققىيپەرۋەر لىبېرالىزم ئىدىيىسى ۋە ئىدراكچىلىق پرىنسىپىنى تەشۋىق قىلغان. ئۇ يەنە ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنى ئايلانغاندا، ئۆز ئىدىيىسىنى ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىپ، ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتكەن، ئۆزمۇ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ۋە ئەدىبكە ئايلانغان.



ۋالتېر
(1778 ~ 1694)

## باراۋەرلىكنى تەشەببۇس قىلغان رۇسسو

رۇسسو فرانسىيىنىڭ داڭلىق پەيلاسوپى ۋە ئەدىبى. «زور ئىنقىلابنىڭ ئىنجىلى» دەپ ئاتالغان «ئىجتىمائىي توختام نەزەرىيىسى»دە، ئۇ ئادەملەر تۇغۇلۇشىدىنلا باراۋەر، ئەركىن تۇغۇلىدۇ، بارلىق ھوقۇق خەلققە مەنسۇپ؛ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى بىر خىل «ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ھوقۇقى»، خەلق ئۆزىنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلغان ھۆكۈمرانىنى ئاغدۇرۇۋېتىشكە ھوقۇقلۇق، دەپ تەشەببۇس قىلغان. رۇسسونىڭ دېموكراتىيە ئىدىيىسى فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن ھەم ياۋروپانىڭ كېيىنكى سىياسىي ئىنقىلابىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن.



رۇسسو
(1778 ~ 1712)



18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا گاففىلىن خانىمنىڭ سالونىغا دائىم نۇرغۇن سەنئەتكار ۋە ئالىملار يىغىلاتتى، ئۇلار ئويغىنىش ھەرىكىتىنىڭ ئاۋانگاردلىرى ئىدى.

## دىدېروت ۋە «ئېنسىكلوپېدىيە»

فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق ئالىمى دىدېروت ئويغىنىش دەۋرىدىكى مەدەنىيەت تۆھپىكارلىرىنىڭ بىرى، ئۇ يېقىنقى زاماندىكى دۇنيا بويىچە تۇنجى «ئېنسىكلوپېدىيە»نى تۈزدى، ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ ئوتتۇرىغا چىققان «ئېنسىكلوپېدىيە»نىڭ 17 جىلدى يېزىق، 11 جىلدى رەسىمدىن تەركىب تاپقان. دىدېروت باشچىلىقىدىكى «ئېنسىكلوپېدىيە»نىڭ ئاپتورلىرى «ئېنسىكلوپېدىيە»دە تۈرلۈك بىلىم، سىستېمىلارنى بەرپا قىلدى، يەنە «ئېنسىكلوپېدىيە»نى دىنىي جەمئىيەت ۋە دۆلەتنىڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىگە قارشى تۇرۇش، ئىنقىلابىي ئىدىيىنى تەشۋىق قىلىشنىڭ مۇھىم بازىسىغا ئايلاندۇردى. شۇڭا، كىشىلەر ئۇلارنى «ئېنسىكلوپېدىيە گۇرۇھى» دەپ ئاتاشتى.



دىدېروت
(1784 ~ 1713)




«ئېنسىكلوپېدىيە»نىڭ مۇقاۋىسى ۋە قىستۇرما رەسىمى

www.uighurkitap.com



# فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى



1787 ـ يىلدىن 1799 ـ يىلغىچە ئارىلىقتا فرانسىيەدە دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان بىر مەيدان ئىنقىلابىي ھەرىكەت يۈز بەردى. بۇ ھەرىكەت 1789 ـ يىلى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى، شۇڭا ئۇ 1789 ـ يىل ئىنقىلابى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ناپولېئون ئىنقىلابتىن كېيىن تەختكە چىقىپ ئۇزاق ئۆتمەي، فرانسىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ناپولېئون ئىمپېرىيەسى فېئودالىزم تۈزۈمىنى بىتچىت قىلدى ھەم سىرتقا كېڭىيىش ئارقىلىق، ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ فېئودال كۈچلىرىگە ئۇزۇل ـ كېسىل زەربە بەردى. 19 ـ ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، فرانسىيىنىڭ جۇمھۇرىيەت تۈزۈمى مۇقىملاشتى.

## فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى

18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە دىنىي جەمئىيەت ۋە ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا فرانسىيىنىڭ پادىشاھلىق فېئوداللىق تۈزۈمى مىسلىسىز چىرىكلەشتى. 3 ـ دەرىجىلىك كەڭ ئامما قارشىلىق كۆرسىتىپ، دېموكراتىيە تەلەپ قىلىپ، سىياسىي ھوقۇقنى قولغا كەلتۈردى. 1789 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 1794 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلدى. پادىشاھ كاللا كېسىش سۇپىسىغا كەلتۈرۈلدى ھەم بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتى ئورنىتىلدى. بۇ ئىنقىلاب بۇرژۇئازىيىسىنىڭ غەلىبىسىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، ئاممىنىڭ ئويغانغانلىقىنى ئىپادىلىدى.



## باستىل تۈرمىسىنى ئىشغال قىلىش

1789 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 13 ـ، 14 ـ كۈنلىرى فرانسىيە
ادىشاھى لۇئى XVI قوشۇن چىقىرىپ، دېموكراتىك ئاساسىي قانۇن
ۈزۈش يىغىنىنىڭ ئەزالىرىنى باستۇردى، بۇ پارىژ ئاھالىسىنى
ەزەپلەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن، نەچچە ئون مىڭ ئامما قولىغا
ەيزە ئېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈردى. باستىل تۈرمىسى پادىشاھ
سىياسىي جىنايەتچىلەرنى قامايدىغان فېئودال ھۆكۈمرانلىق
ورغىنى ئىدى، 7 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قوزغىلاڭچىلار زەمبى-
ەك ئوقلىرىغا پەرۋا قىلماي ھۇجۇم قىلىپ، باستىل تۈرمىسى-
ى ئىشغال قىلدى. بۇ قېتىمقى غەلىبە فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلا-
ىنىڭ يۇقىرى دولقۇنى يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى.



1789 ـ يىل 8 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى فرانسىيىنىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش يىغىنىدا مەشھۇر «ئىنسانىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ھوقۇقى خىتابنامىسى» ماقۇللاندى، ئۇ فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتىگە ئايلاندى.

ئابىدىگە ئويۇلغان «ئىنسانىي ھوقۇق ۋە پۇقرالار ھوقۇقى خىتابنامىسى»



بۇ «مارسىل كۈيى»نى باش تېما قىلىپ ئىجاد قىلىنغان ھەيكەل پارىژنىڭ زەپەر دەرۋازىسى ئۈستىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

## «مارسىل كۈيى»



ۇبېسپىېر
(1794 ~ 175

فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى مەزگىلىدە مارسىل رايونىدىكى پىدائىيلارنىڭ مارشى ناھايىتى تېز تارقالدى. ئۇنىڭ ئاپتورى روگېت دې لىسلې. مارسىل پىدائىيلىرى بۇ ناخشىنى ياڭرىتىپ پارىژدىكى جەڭگە قاتناشتى. شۇنىڭدىن تارتىپ، كىشىلەر ئۇنى «مارسىل كۈيى» دەپ ئاتىدى. «مارسىل كۈيى» ئىنقىلاب داۋامىدا ئەركىنلىكنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى ھەم ياۋروپاغا تېز تارقالدى. 1795 ـ يىلى ئۇ فرانسىيىنىڭ دۆلەت شېئىرى قىلىپ بېكىتىلدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە «مارسىل كۈيى» دېگولل رەھبەرلىكى-
دىكى «ئەركىن فرانسىيە» ھەرىكىتىنىڭ مارشى قىلىنىدى.



ناپولېئون بوناپارت
(1821 ~ 1769)

## ناپولېئون I

ناپولېئون بوناپارت فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى داۋامىدا ئوتتۇرىغا چىققان مەشھۇر قوماندان. ئۇ شەخسىي ئىناۋىتى ۋە قاتتىق قوللۇق ۋاستىسى بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاپ، فرانسىيە ئىمپېرىيەسىنى قۇرۇپ، فرانسىيىنىڭ بىرىنچى ھۆكۈمرانى (1799 ~ 1804) ۋە فرانسىيە پادىشاھى (1804 ~ 1814) بولغان، نامىنى ناپولېئون I دەپ ئاتىغان. ئۇ سىرتقا قورال كۈچى بىلەن كېڭەيمىچىلىك قىلغان ھەم دۆلەت ئىچىدە كۆپ تۈرلۈك ئىسلاھات يۈرگۈزگەن. ئۇنىڭ بىر قاتار ئىسلاھاتلىرى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ سىياسىي تۈزۈمىگە مۇھىم تەسىر قوزغىغان. 1815 ـ يىلى ۋاتېرلو جېڭىدە مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، ناپولېئون تەختتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلىنغان، كېيىن ئاتلانتىك ئوكياندىكى سانت ھېلېنا ئارىلىغا ئۆمۈرلۈك پالانغان.

## رادىكال سىياسىئون روبېسپىېر

روبېسپىېر فرانسىيەدىكى بىر ئادۋوكات ئائى-
ىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۆسمۈر ۋاقتىدىلا ۋالتېر
اتارلىقلارنىڭ ئويغىنىش ئىدىيىسى بىلەن ئۇچراش-
ان. فرانسىيە بۈيۈك ئىنقىلابى داۋامىدا، ئۇ رەھبەر-
ىك قىلغان ياكوبىنچىلار گۇرۇھى بىر مەزگىل ھو-
ۇق تۇتقان. ئۇلار ئۆكتىچىلەرگە قەتئىي زەربە بې-
ىپ، پادىشاھنى ئۆلتۈرگەن ھەم چەت ئەل تاجاۋۇز-
ىلىرىغا زەربە بەرگەن، ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنى
وغداپ قالغان. 1794 ـ يىلى ياكوبىنچىلار «ئىس-
ىق ئاي سىياسىي ئۆزگىرىشى»دە ئاغدۇرۇپ تاشلان-
ان، ئۇنىمۇ كونسېرۋاتورلار ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

# ئەنگلىيە ساناﺋەت ئىنقىلابى



ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ 1 ـ قېتىملىق ساناﺋەت ئىنقىلابى 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئەنگلىيىدە بارلىققا كەلدى، 19 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىلى ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالدى. ئەينى چاغدا تاۋار ئىگىلىكى گۈللىنىپ، سۇ، قۇرۇقلۇق قاتنىشى تەرەققىي قىلىپ ۋە تاشقى سودا كېڭىيىپ، ساناﺋەت ئىنقىلابى ئۈچۈن كەڭ بازار ۋە مەبلەغ ھازىرلاپ بەردى. بۇ ئىنقىلاب داۋامىدا، ماشىنا ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش قول ھۈنەر ئەمگىكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولدى. سىياسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى غەلىبە قىلىپ، پادىشاھلىق ئاساسىي قانۇن تۈزۈمى ئورنىتىلدى، ساناﺋەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق شارائىت يارىتىلدى.




ساناﺋەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ شەھەر رايونىنىڭ مۇھىتى بۇلغاندى. بايلار ئىس ـ تۈتەك ۋە كېسەللىكتىن قېچىپ، ساناﺋەت رايونىدىن يىراق يېزىلاردىكى داچىلىرىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشتى. ئۇلار ئۇ يەرلەردە چىرايلىق تۇرالغۇ ۋە ماگىزىنلارنى سېلىپ، تۇرمۇشتىن قانغۇچە ھۇزۇرلاندى.


L . ئوۋېن
(1771 ~ 1858)

## ئۇلۇغ ئۇتوپىزمچى ئوۋېن

ئوۋېن 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئەنگلىيىنىڭ ئەڭ تەسىر قوزغىغان خىيالىي سوتسىيالىزمچىسى. ئۇ چوڭ زاۋۇت قۇرغان، زاۋۇتتا جەمئىيەت ۋە ساناﺋەت پاراۋانلىقى تۈزۈمىنى يولغا قويغان ھەم بىر يۈرۈش ھەمكارلىق سوتسىيالىزم ئىدىيە سىستېمىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئەينى چاغدىكى ياۋروپاغا مەشھۇر ئىسلاھاتچى ۋە ساخاۋەتچىگە ئايلانغان.

ۋات پار ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىپ، ساناﺋەت ئىنقىلابىدا غايەت زور رول ئوينىدى.

## پار ئېنېرگىيىسى ئىنقىلابى

پار ئېنېرگىيىسىنىڭ كۆپلەپ قوللىنىلىشى ئەنگلىيە ساناﺋەت ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى. 1782 ـ يىلى ئىشچىلىقتىن كېلىپ چىققان كەشپىياتچى J . ۋات تەكرار ھەرىكەتلىك پار ماشىنىسىنى لايىھىلەپ چىقتى. ئۇنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ساناﺋەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ھەقىقىي ئىلگىرى سۈرۈپ، ساناﺋەت ئىنقىلابى ئۈچۈن ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلىپ بەردى. پار ماشىنىسى ناھايىتى تېزلا يىپ ئېگىرىش ۋە رەخت توقۇشتا قوللىنىلدى، دان ئايرىش پار ماشىنىسى، پار كومباينلىرى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلىتىلدى، پار پاراۋوزى تۆمۈريول ترانسپورتىدا قوللىنىلدى.


ساناﺋەت ئىنقىلابى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈردى. دان ئايرىش پار ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





«ئۇلۇغ برىتانىيە» ناملىق كېمە سۇغا چۈشۈرۈلگەن چاغدىكى تەنتەنىلىك كۆرۈنۈش



K.I . برونېر
(1859 ~ 180

## ئۇلۇغ لايىھىلىگۈچى برونېر

برونېر ئەنگلىيە سانائەت ئىنقىلابىدىكى ئاتاقلىق ئىنژېنېر، ئۇنىڭ ئىقتىدارى تاش ــ تۇپا ۋە ماشىنىسازلىق قاتارلىق كۆپ تەرەپلەردە ئىپادىلەندۇ. ئۇ ئەنگلىيە غەربىي قىسىم تۆمۈريولىنىڭ باش ئىنژېنېرى بولغان، ئاۋۋال كەڭ رېلىس (ئارىلىقى ئىككى مېتىر)نى قوللىنىپ لايىھىلىگەن. كەڭ رېلىس پويىزنىڭ ئىشلەش سۈرئىتىنى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈپ، تۆمۈريولنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن. تۆمۈريول ياساش قىزغىنلىقى سانائەتلىشىش قەدىمىنى تېزلەتتى.

### «ئۇلۇغ برىتانىيە» ناملىق كېمە

1843 ــ يىلى سۇغا چۈشۈرۈلگەن «ئۇلۇغ برىتانىيە» ناملىق كېمە برونېرنىڭ ئېسىل ئەسەرلىرىدىن بىرى. بۇ تۇنجى بولۇپ چاقپەلەكلىك ئىتتىرىش ماشىنىسى ئىشلىتىلگەن ۋە تۆمۈر قاپلانغان چوڭ پار كېمىسى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە ئاتلانتىك ئوكيانىنى كېسىپ ئۆتكەن «كاتتا غەرب» ناملىق كېمىنى ياسىغان (1837 ــ يىلى)، شۇنىڭدەك ئوچۇق چاق ۋە چاقپەلەك بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان قوش قەۋەتلىك، تۆمۈر قاپلىق «چوڭ شەرق» ناملىق كېمىنى ياسىغان (1858 ــ يىلى). بۇ ئۈچ كېمە سۇغا چۈشۈرۈلگەن چاغدا ئەينى چاغدىكى ئەڭ چوڭ كېمىلەر ھېسابلىناتتى.

### قىستا ــ قىستاڭ ئىشچىلار ئولتۇراق رايونى

سانائەت ئىنقىلابىنىڭ بىر گەۋدىلىك ئاقىۋىتى شۇكى، شەھەر ئاھالىسى تېز كۆپەيدى. 1813 ــ يىلدىن 1841 ــ يىلغىچە لوندوننىڭ ئاھالىسى 130 مىڭغا يەتتى، ئەمما تۇرمۇش مۇئەسسەسەلىرى قۇرۇلۇشى ئاھالىسىنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئارقىدا قالدى. ئىشچىلار قىستاڭچىلىق ئۆيلەردە تۇردى، ئۇ يەردە مۇۋاپىق يۇندى چىقىرىش ئەسلىھەلىرى ۋە تازىلىققا ئىشلىتىلىدىغان سۇ يوق ئىدى. خولېرا، كېزىك، سىل كېسەللىكلىرى دائىم تارقىلىپ تۇراتتى.






توقۇمىچىلىق سېخلىرىدا ئايال ئىشچىلار ۋە بالا ئىشچىلار كۆپلەپ ئىشلىتىلدى.



### سانائەت ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىجتىمائىي مەنزىرە

سانائەت ئىنقىلابى ئەنگلىيىنىڭ ئىجتىمائىي قىياپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆزگەرتىۋەتتى. بىر تەرەپتىن، يېزا ئىگىلىكى ماشىنىلىشىش دەۋرىگە كىرىپ، كەڭ كۆلەملىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرى پەيدا بولدى، مەيدان خوجايىنلىرى پومېشچىكلارنىڭ ئورنىنى باستى، مەھسۇلات يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، شەھەر ئاھالىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشقا يېتىدىغان بولدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن، سانائەت تېز گۈللىنىپ، كەڭ كۆلەملىك سانائەت رايونلىرى بارلىققا كەلدى، ئىشچىلار ھەر كۈنى ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەپ، كاپىتالىستلارغا نۇرغۇن بايلىق يارىتىپ بەردى.

# ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولۇشى ۋە گۈللىنىشى



ئامېرىكا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىدىكى دۆلەت، 1776 ـ يىلى مۇستەقىل بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 200 نەچچە يىل بولدى. 1865 ـ يىلى جەنۇبنىڭ قالاق قۇللۇق تۈزۈمى پاچاقلاپ تاشلىنىپ، مەملىكەت مىقياسىدا كاپىتالىستىك ئىقتىساد زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ۋەزىيەت شەكىللىنىپ، تۆمۈر يول ھاكىمىيىتى ۋە يېڭى ماشىنىلار سانائەت، يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىدا كەڭ قوللىنىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كان بايلىقى كەڭ كۆلەمدە ئېچىلىپ، ئامېرىكىنى پۈتمەس ـ تۈگىمەس ھاياتىي كۈچ ۋە بايلىققا ئىگە قىلدى. 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئامېرىكىنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتتى.



## ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىسى ۋاشىنگتون





G . ۋاشىنگتون
(1799 ~ 1732)

ۋاشىنگتون ئامېرىكىنىڭ تۇنجى زۇڭتۇڭى. ئۇ چوڭ قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى بولۇپ، ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا ھالقىلىق رول ئوينىدى. زۇڭتۇڭ بولۇپ سايلانغاندىن كېيىن، دۆلەتنى قاتتىق ئىدارە قىلىپ، كېيىندىن دۇنياغا كەلگەن ئامېرىكا ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. كېيىنكىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ «ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ئاتىسى» دەپ ئاتىدى.

## ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىللىق ئۇرۇشى

كولومبو ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقىغاندىن كېيىن، ياۋروپالىقلار ئامېرىكا تۇپرىقىغا قەدەم تاشلاشقا باشلىدى ھەم بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىلىرىنى بەرپا قىلدى. 1775 ـ يىلى شىمالىي ئامېرىكىدىكى ئەنگلىيىگە قاراشلىق 13 مۇستەملىكىنىڭ خەلقى ئەنگلىيىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا نارازى بولۇپ، مۇستەقىللىق ۋە دېموكراتىيىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۇرۇشىنى قوزغىدى. 1776 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى 13 شىتاتنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان چوڭ قۇرۇقلۇق يىغىنى «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى»نى رەسمىي ئېلان قىلىپ، ئەنگلىيىدىن ئايرىلىپ، «ئەركىن، مۇستەقىل ئىتتىپاقداش دۆلەت» قۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. سەككىز يىل جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق، ئەنگلىيە 1783 ـ يىلدىكى «ئامېرىكا ـ ئەنگلىيە پارىژ شەرتنامىسى»دا ئامېرىكىنىڭ مۇستەقىل بولغانلىقىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.



ئامېرىكىنىڭ غەربكە بېرىپ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقىدا غەربىي قىسمىغا ماڭغان كالا ھارۋىلىرى

## غەربىي قىسمىنى كەڭ ئېچىش

ئامېرىكا مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا «غەربكە يۈرۈش قىلىش ھەرىكىتى» باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، زېمىن تەدرىجىي غەربكە قاراپ كېڭەيدى. 1848 ـ يىلى كالىفورنىيىدە ئالتۇن بايقالغاندىن كېيىن، غەربكە بېرىپ ئالتۇن قېزىش قىزغىنلىقى بارلىققا كەلدى. گەرچە شەرت ـ شارائىت جاپالىق بولسىمۇ، لېكىن ئۈزۈلمەس ئادەم ئېقىمى غەربكە قاراپ ئاقتى. بىر ئەسىردىن ئارتۇق داۋاملاشقان غەربنى كەڭ ئېچىش دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولدى ھەم شەرقتىكى دېڭىز بويلىرىغا توپلاشقان كۆچمەنلەرنى ئامېرىكىنىڭ پۈتۈن زېمىنىغا تارقاتتى.

www.uyghurkitap.com





بۇ جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى تارتىلغان سۈرەت، شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ بۇرۇن تارتىلغان ئۇرۇش ئەمەلىيىتى فوتو سۈرىتى.

## نېگىرلارنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن زۇڭتۇڭ

لىنكولن 1861 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ 16 ـ قېتىملىق زۇڭتۇڭى بولدى. ئۇ زۇڭتۇڭ بولۇشتىن بۇرۇن ئادۋوكات ئىدى. ئۇ قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلىشنى قەتئىي تەشەببۇس قىلىپ، قۇللارنى ئازاد قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى. لىنكولن زۇڭتۇڭ بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي ئامېرىكىدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى پارتلىدى، ئۇ شىمال ئارمىيىسىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى. 1865 ـ يىلى 4 ـ ئايدا جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى غەلىبە قىلىپ 5 ـ كۈنى، لىنكولن تىياتىرخانىدا تىياتىر كۆرۈۋاتقاندا سۇيىقەستكە ئۇچراپ ۋاپات بولدى. ئادەتتىن تاشقىرى تەسىر قوزغىغان ھاياتى ۋە دېموكراتىك سىياسەت تەرغىباتىدىكى ناتىقلىق تالانتى بىلەن، ئۇ ئامېرىكا تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ زۇڭتۇڭلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى.



A . لىنكولن (1809 ~ 1865)

## جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى

1861 ـ يىلى 3 ـ ئايدا لىنكولن ئامېرىكىغا زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقداشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، بۆلۈنۈشكە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي جەنۇبىي قىسمىدىكى 11 شتات قۇللۇق تۈزۈمىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، فېدېراتسىيىدىن ئايرىلىپ، «ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ھۆكۈمىتى»نى قۇرۇپ، ئامېرىكىنى جەنۇب، شىمال دەپ ئىككىگە ئايرىۋەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى لىنكولن رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، جەنۇب ـ شىمال تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا تۆت يىللىق (1861 ~ 1865) سوزۇلغان ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇش شىمالنىڭ غەلىبە قىلىشى بىلەن ئاياغلاشتى. ئامېرىكىنىڭ بىرلىكى ئەسلىگە كېلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى 1862 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى لىنكولن «قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۇقتۇرۇشى»نى ئېلان قىلىپ، ئۇرۇش جەريانىدا ۋە ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، قۇللۇق تۈزۈمىنى بىكار قىلدى. بۇ ئامېرىكا ئىقتىسادىنىڭ 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا تېز تەرەققىي قىلىشىغا قۇدرەتلىك كۈچ قوشتى.




جەنۇب ـ شىمال ئۇرۇشى باشلانغاندا، شىمال ئارمىيىسى كەينى ـ كەينىدىن مەغلۇپ بولدى. كېيىن، «قۇللارنى ئازاد قىلىش ئۇقتۇرۇشى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، جەنۇبتىن قېچىپ ئۆتكەن مىڭلىغان ـ تۈمەنلىگەن نېگىر قۇللار شىمال ئارمىيىسىگە قاتنىشىپ، شىمال ئارمىيىسىنى ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىگە ئېرىشتۈردى.

D.F . روزۋېلت
(1882 ~ 1945)



## چاقلىق ئورۇندۇقتىكى روزۋېلت

روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ 32 ـ نۆۋەتلىك زۇڭتۇڭى. ئۇ ياش ۋاقتىدا يۇلۇن سۆرمادا ياللۇغى بىلەن ئاغرىپ، پۇتى پالەچ بولۇپ قالغان. لېكىن، ئۇ ئادەم ھەيران قالغۇدەك جاسارەت بىلەن كۆرەش ۋە خىزمەت قىلىپ، ئاخىر ئۇلۇغ سىياسىيون بولۇپ يېتىلىپ چىققان. ئۇ ئۇدا تۆت قېتىم ئامېرىكا زۇڭتۇڭى بولغان بىردىنبىر كىشى. ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدىكى ئىقتىسادىي كرىزىسنى تىزگىنلەش ئۈچۈن يېڭى سىياسەت يۈرگۈزۈپ، خەلق پاراۋانلىقىنى تىرىشىپ ياخشىلىدى. 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە فاشىزمغا قارشى تۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، ئۇرۇشتىن كېيىنكى دۇنيانىڭ ئامانلىقى جەھەتتە ئامېرىكىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئامېرىكىنى دەرىجىدىن تاشقىرى دۆلەتكە ئايلاندۇردى.

# 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى



1914 ـ يىلىدىن 1918 ـ يىلىغىچە دۇنيادا پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىغان ھازىرقى زامان خەلقئارالىق ئۇرۇشى يۈز بەردى. بۇ دۇنيا تارىخىدىكى 1 ـ قېتىملىق دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇرۇش بولۇپ، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسىنى ئاساس قىلغان ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر فرانسىيە، ئەنگلىيە، روسىيىنى ئاساس قىلغان ئانتانتا دۆلەتلەر بىلەن ئۇرۇشتى. پۈتۈن دۇنيادىكى 33 دۆلەت، 1 مىليارد 500 مىليون ئاھالە ئۇرۇش ئىچىدە قالدى، 20 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئۆلدى، يارىلاندى. ئاخىردا ئۇرۇش ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. ئۇرۇش دۇنيانىڭ سىياسىي تېررىتورىيىسىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، گېرمانىيە، ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە، روسىيە، تۈركىيىدىن ئىبارەت تۆت چوڭ ئىمپېرىيە پارچىلىنىپ، بىر تۈركۈم يېڭى مۇستەقىل دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى.



فرانسىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ ئەسكىرى

گېرمانىيە قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ كاسكىسى



ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ فورمىسى

## كېنەز فېرناندونىڭ قەستكە ئۇچرىشى

1914 ـ يىل 6 ـ ئايدا ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى بوسنىيىنى يۇتۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە سېربىيىنىمۇ بېسىۋالماقچى بولدى. 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى پادىشاھىنىڭ ۋەلىئەھدى كىنەز فېرناندو ئايالى بىلەن بىللە سارايېۋودا ئۆتكۈزۈلگەن ئارمىيىنىڭ پاراتىنى قوبۇل قىلىشقا بېرىپ، ئۈستى ئوچۇق ئاپتوموبىلدا شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر سېربىيىلىك ياش ئوق ئېتىپ ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقە 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ قوزغىلىشىغا پىلتە بولدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىردا ئاۋستىرىيە ـ ۋېنگرىيە ئىمپېرىيىسى سېربىيىگە تاجاۋۇز قىلىپ كىردى؛ 8 ـ ئاينىڭ بېشىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر بىلەن ئانتانتا دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇرۇش پارتلىدى.



كىنەز فېرناندونىڭ سۈرىتى



كىنەز فېرناندونى ئۆلتۈرگەن ياش يىگىت پرىنسىپ نەق مەيداندا قولغا ئېلىندى.




## ئۇرۇش ۋەزىيىتى ۋە باسقۇچى

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدىكى قۇرۇقلۇق ئۇرۇشى ئاساسەن شەرق، غەرب ئىككى سەپتە بولدى. غەربىي سەپتە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەقىبى فرانسىيە، شەرقىي سەپتە روسىيە ئىدى. دېڭىز ئۇرۇشى ئاساسلىق ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا بولدى. 1916 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى. 1917 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئۇرۇشقا قاتنىشىشى ۋە روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۇرۇشى ۋەزىيىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، ئاخىرىدا ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر مەغلۇپ بولدى.

1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا فرانسىيە بىلەن ئامېرىكا ئۇرۇشقا قاتناشقان ئوفىتسېر، ئەسكەرلەرگە تارقاتقان مېداللار.



فرانسىيىنىڭ كرېست مېدالى



ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ باتۇرلۇق مېدالى




فرانسىيىنىڭ پىدائىي ئەسكەر مېدالى



1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا ئىشلىتىلگەن ئېغىر پىلىموت



1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانىيە ياساپ ئىشلەتكەن زەمبىرەك.

## قوراللار زامانىۋىلاشتى

ئۇرۇش قوراللارنىڭ تېز راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇرۇش قىلىۋاتقان ئىككىلا تەرەپ ئەڭ يېڭى قوراللار بىلەن جەڭگە كىردى. ھەرقايسى ئەللەر ئىشلەتكەن زەمبىرەك جەمئىي 90 مىڭ، چوڭ كالىبىرلىق، يىراق مۇساپىلىق زەمبىرەكنىڭ ئېتىش مۇساپىسى 20 نەچچە كىلومېتىرغا يەتتى.



پىلىموت ئايروپىلانغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

## ھاۋا بوشلۇقىنى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىش

1903 ـ يىلى ئامېرىكىلىقلار تۇنجى ئايروپىلاننى ياسىغاندىن تارتىپ، 1 ـ قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئايروپىلانلىرىنى قوشقاندا 1000دىن ئاشمايتتى. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ھەربىي ئايروپىلانلارنىڭ ئومۇمىي سانى 10 مىڭدىن ئاشتى. ئىككى تەرەپ ئايروپىلاندىن پايدىلىنىپ، ئاسماننى تىزگىنلەش ھوقۇقىنى تالىشىپ، يەر ۋە دېڭىزدىكى ئۇرۇشقا ماسلاشتى. ئىنسانلار ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ئايروپىلان ئۇرۇش داۋامىدا ئىنسانلارنى ھالاك قىلىدىغان، زىيان يەتكۈزىدىغان مۇھىم قورالغا ئايلاندى.



بومبا ئايروپىلاندىن قول بىلەن تاشلىناتتى.

## دېڭىز ئۇرۇشى

كەڭ كۆلەملىك دېڭىز ئۇرۇشى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالاھىدىلىكى. 1915 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئىتالىيە ئىتتىپاقداش دۆلەتلەردىن چېكىنىپ چىقىپ، ئانتانتا دۆلەتلەر قاتارىغا كىرگەنلىكىنى جاكارلىدى. بۇ ئەھۋال ئۇرۇش ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە، 1916 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن گېرمانىيە ئوتتۇرىسىدا بولغان جۇتلاند دېڭىز ئۇرۇشى ئەڭ مەشھۇر. ئەينى چاغدا، ئەنگلىيە ئارمىيەسى ھەر خىل ھەربىي پاراخوتتىن 151نى، گېرمانىيە ئارمىيىسى 110نى ئىشقا سالدى. ئىككى تەرەپ كەسكىن زەمبىرەك ئۇرۇشى ۋە تورپېدا ئۇرۇشى قىلىپ، 12 سائەت جەڭ قىلىپمۇ بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىدى، تالاپەت ناھايىتى ئېغىر بولدى.

ئاكوپتىكى شارائىت ئىنتايىن جاپالىق ئىدى، مىلتىق ئوقى، زەمبىرەك ئوقى، كۆيدۈرگۈچ سۇيۇقلۇق بومبىسى ۋە زەھەرلىك گاز بومبىسى قاتارلىق خىمىيىلىك قوراللار ئىشلىتىلگەچكە، بۇ ئىنتايىن ئېچىنىشلىق ئۇرۇش بولدى.



ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە 10 مىڭغا يېقىن تانكا ياسىدى.



ئىئونىيە دېڭىزىغا چۆكتۈرۈۋېتىلگەن ئىتالىيە ئوكيان پاراخوتى

## تانكا ئۇرۇشى ۋە ئاكوپ ئۇرۇشى

تانكا بىلەن ھۇجۇم قىلىش، ئاكوپ ئارقىلىق مۇداپىئەلىنىش قۇرۇقلۇق ئۇرۇشىنىڭ ئاساسلىق شەكىللىرى.
19 ـ يىلىدىن باشلاپ، ئەنگلىيە تەتقىق قىلىپ ياسىغان تانكىلار شەرقىي سەپتە يىراقتا يۇرۇش قىلىشقا قاتناش.
. تانكا قىسىملىرىنىڭ بۆسۈپ زەربە بېرىش كۈچى ۋە قوغدىنىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، لېكىن
گلىيە ئارمىيىسىنىڭ يىراقتا يۈرۈش قىلىشى گېرمانىيە ۋە تۈركىيە ئارمىيىسىنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچ.
ى. غەربىي سەپتە، فرانسىيە ئارمىيىسى ئاكوپلارغا تايىنىپ، گېرمانىيە ئارمىيىسىگە قارشىلىق كۆرسەتتى.



ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەسكەرلىرى ئۇرۇش ئالدىدىلا ياسالغان پىلىموت، كىچىك كالىبىرلىق زەمبىرەك، قىسقا ئىستۋوللۇق ئېغىر زەمبىرەك قاتارلىق قوراللار بىلەن قوراللاندى.



ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ئاكوپتا دەم ئېلىۋاتىدۇ.

## روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى

1917 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) لېنىن باشچىلىقىدىكى روسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسى روسىيە ئىشچىلىرى ۋە ئەسكەرلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەينى چاغدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان بۇرژۇئازىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى، پرولېتارىيات دىكتاتورلىقىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇردى. مانا بۇ مەشھۇر روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدۇر.

### ئۆكتەبىر ئىنقىلابى

1914 ـ يىلى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىدى. ئۇرۇش چار پادىشاھ ھۆكۈمرانلىقىدىكى روسىيە خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن، 1917 ـ يىل 3 ـ ئايدا (رۇس كالېندارى بويىچە 2 ـ ئايدا)، پېتروگراد (ھازىرقى سانكت پېتېربۇرگ)نىڭ زاۋۇت ئىشچىلىرى ئىش تاشلىغان پۇرسەتتە، روسىيىدە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى پارتلىدى. بۇ قېتىمقى ئىنقىلاب چار پادىشاھ ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، «ئىشچىلار، ئەسكەرلەر ۋەكىللىرى سوۋېتى» ۋە «بۇرژۇئازىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى»دىن ئىبارەت ئىككى ھاكىمىيەت ئورنىتىلدى. كېيىن، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت ئامىمىنىڭ ئۇرۇشقا قارشى نامايىشىنى باستۇردى ھەم سوۋېت ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلىۋالدى. بۇ ئەھۋال روسىيە خەلقىنى چەكسىز غەزەپلەندۇردى. يىلى 8 ـ ئايدا، لېنىن رەھبەرلىكىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسى خەلقنى ئىتتىپاقلىشىپ، بۇرژۇئازىيە بىلەن ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشقا چاقىردى ھەم 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بولشېۋىكلار پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قۇردى. 11 ـ ئاي روسىيە كالېندارى بويىچە 10 ـ ئاي بولغاچقا، بۇ ئىنقىلاب ئۆكتەبىر ئىنقىلابى دەپ ئاتالدى. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىپ، دۇنيادا پرولېتارىيات دىكتاتورلىقىدىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى بەرپا قىلدى.



كارل ماركس
(1883 ~ 1818)

### پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ يولباشچىسى ماركس

ماركس گېرمانىيىدىكى بىر ئادۋوكات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ سوتسىيالىزمنى ئۇتوپىيىدىن ئىلمىيلىققا راۋاجلاندۇردى ھەم دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئىشچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇ خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ ئاساسچىسى. ئۇ نامرات ۋە كېسەل ھالەتتە كىتاب يېزىپ، تەلىمات ياراتقان، ئېنگېلس بىلەن بىللە ماركسىزمنى ئىجاد قىلغان. ماركس يەنە پرولېتارىيات جەزمەن بۇرژۇئازىيىنىڭ دۆلەت ماشىنىسىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت مۇھىم نەزەرىيىنى دەلىللەپ بەردى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىدىيىسىنى لېنىن ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتكە ئايلاندۇردى.



ئىشچىلار قىزىل گۋاردىيىسى بىلەن ئەسكەرلەر بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيىتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى — قىشلىق سارايغا قاراپ كەلكۈندەك ئاقماقتا.

### تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، روسىيىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر مۇستەقىل سوۋېت جۇمھۇرىيەتلىرىنى قۇردى. ھەرقايسى جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ بايلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەپ، خەلقئارالىق ئورنىنى قوغداش، تەدرىجىي قانات يېيىۋاتقان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، لېنىن مىللەتلەر باراۋەرلىكى سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، رۇس مىللىتى باشقا مىللەتلەر بىلەن باراۋەر ئاساستا بىرلىكتە يېڭى دۆلەتلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. 1922 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى رەسمىي قۇرۇلدى. ئۇ قىسقارتىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقى دەپ ئاتالدى.

## قىشلىق سارايغا ھۇجۇم

پېتروگرادقا جايلاشقان قىشلىق ساراي ئىلگىرى چار پادىشاھنىڭ ئوردىسى ئىدى، كېيىن روسىيە بۇرژۇئازىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنىڭ تۇرۇشلۇق جايى بولدى. 1917 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى لېنىننىڭ چاقىرىقى بىلەن، بولشېۋىكلار پارتىيىسى ئىشچىلار قىزىل گۋاردىيىسى بىلەن ئەسكەرلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى ھەم شەھەردىكى مۇھىم ئورۇنلارنىڭ كۆپىنچىسىنى تېزلا ئىگىلىدى. شۇ كۈنى كەچتە «ئاۋرورا» ناملىق ئوكيان پاراخوتىنىڭ زەمبىرەك ئوتىنىڭ ھىمايىسىدە بىر ھۇجۇم بىلەنلا قىشلىق سارايىنى ئىگىلەپ، پېتروگراد قوراللىق قوزغىلىڭىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى ھەم ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن بەلگە بەردى.



ۋ. ئى. لېنىن
(1924 ~ 1870)

### لېنىن

لېنىننىڭ ئەسلى ئىسمى ۋلادىمىر ئىلئىچ ئۇليانوۋ، «لېنىن» ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇ روسىيە بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى. چار پادىشاھ ھۆكۈمىتى سۈرگۈن قىلغان مەزگىلدە، ئۇ ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ۋە روسىيە ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، نۇرغۇن نەزەرىيىۋى ئەسەر يازغان، ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇپ لېنىنىزمنى ياراتقان. ئۇ روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك رەھبەرلىك قىلىپ، دۇنيادا تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەتنى بەرپا قىلدى.






«ئاۋرورا» ناملىق
ئوكيان پاراخوتى

1917 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى كەچ سائەت توققۇزدىن ئاشقاندا، «ئاۋرورا» ناملىق ئوكيان پاراخوتى قىشلىق سارايغا توپ ئېتىپ، روسىيە ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاش سىگنالىنى بەردى. بۇ پاراخوت ئۆكتەبىر ئىنقىلابى غەلىبىسىنىڭ ئابىدىسى. ئۇ ھازىرغىچە نېۋا دەرياسىدا توختىتىقلىق، پاراخوتتا دېڭىز ئارمىيىسى مەركىزىي مۇزېيىنىڭ تارمىقى قۇرۇلغان.

# 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى



1929 ـ يىلدىن 1933 ـ يىلغىچە داۋام قىلغان دۇنيا خاراكتېرلىك ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي كرىزىس پۈتكۈل كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى زىلزىلىگە سالدى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئەللەر ئارىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈردى. ئىستىبدات فاشىزمنى كۆككە كۆتۈرۈش گېرمانىيە، ئىتالىيە ۋە ياپونىيەدە تېز كېڭىيىپ، ئوق مەركىزى دۆلەتلەرنى شەكىللەندۈردى. 1939 ـ يىلى 9 ـ ئايدا گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلدى، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيە گېرمانىيەگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى. ئۇرۇشقا قاتناشقان ئىككى تەرەپنىڭ بىرى تاجاۋۇزچىلىق، كېڭەيمىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈۋاتقان ئوق مەركىزى دۆلەتلەر، يەنە بىرى فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقداش دۆلەتلەر (فرانسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقى، جۇڭگو) ئىدى. بۇ ئۇرۇشتا ئاز بولغاندىمۇ 50 مىليون ئادەم ئۆلدى، بۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پاجىئە بولدى.



A . گىتلېر (1889 ~ 1945)

«فاشىست» دېگەن سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسى قەدىمكى رىمنىڭ پالتا قىستۇرۇلغان ھوقۇق ھاسىسىنى كۆرسىتىپ، زوراۋانلىققا سىمۋول قىلىناتتى. گېرمانىيە ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ داھىيسى گىتلېر 1933 ـ يىلى تەختكە چىقىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەندىن كېيىن، فاشىستىك مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقنى ئورنىتىپ، ئىرقىي يوقىتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، يەھۇدىيلارنى غالجىرلارچە ئۆلتۈردى، سىرتقا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنى قوزغىدى، شۇنداق قىلىپ، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ باش جىنايەتچىسىگە ئايلاندى.



سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۈرۈش قىلىۋاتقان گېرمانىيە ئارمىيىسى

## سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلىش

1941 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى سەھەردە گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا زور كۆلەملىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى. 5 مىليون 500 مىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى ئۈچ يولغا بۆلۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غەربىدىكى 1800 كىلومېتىرلىق ئۇرۇش سېپىدە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىپ، قىش كىرىشتىن بۇرۇن سوۋېت ئارمىيىسىنى تېز مەغلۇپ قىلىپ، غەربىي ياۋروپادا ئۈچىنچى ئاتلاماچى بولدى. لېكىن، بۇ پىلان سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشى بىلەن مەغلۇپ بولدى.

## ئۈچ قارا ئۆمۈچۈك

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە، ئىتالىيە، ياپونىيەدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەت قورال كۈچى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئەسلىي تەرتىپىنى ئۆزگەرتمەكچى بولۇپ، ئوق مەركىزى دۆلەتلەر ھەربىي ئىتتىپاقىنى تەشكىللەپ، تەسىر كۈچىنى پۈتۈن دۇنياغا كېڭەيتمەكچى بولدى. ئۇلار خۇددى ئۈچ تال قارا ئۆمۈچۈككە ئوخشاش تورنى دۇنيانىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ئۇزاتتى.




فىنلاندىيە خەلقىنىڭ بومباردىمانچىلىق ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان تەشۋىقات رەسىمى



ناتسىستلار جازا لاگېرى

## پېئارىل خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش

ياپونىيە بىرلەشمە فلوتىنىڭ ئايروپىلانلىرى ئەتراپلىق تەييارلىق كۆرگەندىن كېيىن، 1941 ـ يىل 12 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پېئارىل خاربورغا يېقىن جايغا يوشۇرۇنغان ئاۋىئاماتكىدىن ئۇچۇپ چىقىپ، ئامېرىكىنىڭ تىنچ ئوكيان فلوتىنىڭ بازىسىنى تۇيۇقسىز بومباردىمان قىلدى. ئامېرىكا ئارمىيىسى قىلچە تەييارلىقسىز تۇرغاندا، پېئارىل خاربوردا توختىتىپ قويۇلغان 180 ئايروپىلان بىلەن 20 ھەربىي پاراخوتنىڭ ھەممىسى ۋەيران قىلىندى، 3500 ئادەم يارىلاندى ۋە ئۆلدى. زىيان ئىنتايىن ئېغىر بولدى. ۋەقە سادىر بولغاندىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن ئەنگلىيە ياپونىيەگە جەڭ ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بىر قىسمى بولغان تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى ئومۇميۈزلۈك پارتلىدى.



ياپونىيە پېئارىل خاربورغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

## ناتسىستلار جازا لاگېرى

گىتلېر تەختكە چىققاندىن كېيىن، يەھۇدىيلارنىڭ گېرمانىيەنىڭ پۇقراسلىق ھوقۇقىنى قانۇنىي بۇيرۇق ئارقىلىق تارتىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ جامائەت خىزمىتى ئۆتىشىنى چەكلەپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن يەھۇدىيلارنى ئايرىۋېتىش رايونى ۋە جازا لاگېرىنى قۇرۇپ، ئۇلارنى ئېغىر ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇرلىدى، يەھۇدىيلارنى يوقىتىش پىلانىنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئوسۋېيسىم جازا لاگېرى ناتسىست گېرمانىيىسى يەھۇدىيلارنى ۋە ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرگەن ئەڭ چوڭ جازا لاگېرى. پۈتكۈل ئۇرۇش مەزگىلىدە، ئۇ يەر 5 ـ 6 مىليون يەھۇدىينىڭ جېنىنى ئالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





ئىتتىپاقداش ئارمىيە نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقماقتا.

## سوۋېت ئارمىيىسىنىڭ بېرلىننى ئېلىشى

1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ۋەزىيىتىدە تۈپ ئۆزگىرىش بولدى. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئۆزىنىڭ بارلىق زېمىنىنى تولۇق ئازاد قىلدى. شەرقىي، غەربىي سەپلەردە گېرمانىيە ئارمىيىسى ئومۇميۈزلۈك بىتچىت بولدى. سوۋېت ئارمىيىسى 2 مىليون 500 مىڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن بېرلىنغا كۈچلۈك ھۇجۇم قىلدى، شەرقىي سەپتىكى ئامېرىكا، ئەنگلىيە ئىتتىپاقداش ئارمىيىسىمۇ تېز سۈرئەتتە بېرلىنغا يېقىنلاشتى. 4 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى سوۋېت ئارمىيىسى پارلامېنت بىناسىغا ھۇجۇم قىلىپ كىردى، گىتلېر يەر ئاستى ئۆيىدە زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالدى. 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گېرمانىيە تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلىدى.



بېرلىن ئېلىنغاندىن كېيىن، سوۋېت ئارمىيىسى قىزىل بايراقنى ئىمپېرىيە بىناسىنىڭ ئۆگزىسىگە قادىدى.

## نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش

1944 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى ئەنگلىيە، ئامېرىكا ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى قاتتىق بوران ھۇۋلاپ تۇرغاندا، نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشىنى باشلىدى. ئىتتىپاقداش ئارمىيە 2 مىليون 870 مىڭ ئەسكىرىي كۈچنى، 15 مىڭ ئايروپىلان، 6000دىن ئارتۇق پاراخوتنى ئىشقا سالدى. گېرمانىيە ئارمىيىسىنىڭ «ئاتلانتىك ئوكيان قورغىنى» بىرنەچچە سائەتتىلا بۆسۈپ تاشلاندى. نورماندىيىدە قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ياۋروپا 2 ـ ئۇرۇش مەيدانىنى ئېچىپ، فاشىزمنى يوقىتىشقا ئاساس سالدى.

سوۋېت ـ گېرمانىيە ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ستالىن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە ئارمىيىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى بولدى. سوۋېت ئىتتىپاقى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن ۋە غايەت زور بەدەل تۆلىگەندىن كېيىن، ئاخىردا گېرمانىيىنى يەكدى ھەم ياپونغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، فاشىزمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى.

ئەنگلىيىنىڭ باش ۋەزىرى چېرچىل ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئەنگلىيىنىڭ ئىقتىسادىنى ئۇرۇش مەزگىلى يولىغا سالدى، ئىلگىرىكى باش ۋەزىر چامبېرلىن يۈرگۈزگەن مادارا چىلىق سىياسىتىنى ئۆزگەرتىپ، گېرمانىيە بىلەن ئۇرۇش قىلىشتا چىڭ تۇردى ھەمدە ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئاكتىپ بىرلىشىپ، ئەنگلىيىنى ئۇرۇشتا مەغلۇبىيەت گىردابىدىن غەلىبىگە باشلاپ ماڭدى.




يالتا يىغىنىدىكى ئۈچ گىگانت

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى روزۋېلت ئامېرىكىنىڭ بىتەرەپ مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيىنىڭ گېرمانىيە فاشىستلىرىغا قارشى تۇرۇشىنى قوللىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، ئۇ ئامېرىكىغا رەھبەرلىك قىلىپ، ياپونىيىگە ئۇرۇش ئېلان قىلدى، خەلقئارا فاشىزمغا قارشى ئىتتىپاقنى بەرپا قىلىش ۋە كۈچەيتىشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

## يالتا يىغىنى

1945 ـ يىلى 2 ـ ئايدا ئەنگلىيە، ئامېرىكا، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئۈچ دۆلەتنىڭ باشلىقلىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى يالتادا ئۇرۇش مەزگىلىدىكى 2 ـ قېتىملىق يىغىنىنى ئېچىپ، گېرمانىيىنى مەغلۇپ قىلىش ھەم ئۇنى رايونلارغا بۆلۈپ ئىشغال قىلىش پىلانىنى تۈزدى. يىغىندا پولشا مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى، بىراق شەرق مەسىلىسىدە، تاشقى موڭغۇلىيە، جەنۇبىي مانجۇرىيە تۆمۈريولى ۋە لۈيشۈن پورتىدىكى مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى. ئۇ ئۇرۇشتىن كېيىنكى خەلقئارا تىنچلىق پرىنسىپىنى ئورنىتىشتا ئاكتىپ رول ئوينىدى، لېكىن جۇڭگونىڭ مەنپەئەتىنى زىيانغا ئۇچراتتى، ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سوغۇق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ئىلگىرى سۈردى.



1945 ـ يىل 9 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇش مۇراسىمى ئامېرىكىنىڭ «مىسسۇرى» ناملىق پاراخوتىدا ئۆتكۈزۈلدى.

## ئاتوم بومبىسى تاشلاش

ياپونىيىنى بالدۇرراق تەسلىم قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئامېرىكا 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، 9 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ خىروشىما ۋە ناگاساكىغا ئىككى ئاتوم بومبىسىنى تاشلاپ، 200 مىڭدىن ئارتۇق پۇقرانى ئۆلتۈردى، 100 مىڭغا يېقىن ئۆينى ۋەيران قىلدى. بۇ، دۇنيادا ئۇرۇشتا تۇنجى قېتىم ئاتوم بومبىسىنى ئىشلىتىش ھېسابلىنىدۇ. 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ياپونىيىنىڭ ساماۋى پادىشاھى تەسلىم بولغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولدى.



ئامېرىكا ياپونىيىگە تاشلىغان ئاتوم بومبىسىدىن كۆتۈرۈلگەن موگۇسىمان تۈتەك.

# ھازىرقى زامان جەمئىيىتى



20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقانلىقتىن، ئىنسانلار جەمئىيىتى نىسپىي تىنچ تەرەققىي قىلىش دەۋرىگە كىردى. پەن ـ تېخنىكا يۈكسىلىپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە تۇرمۇش قىياپىتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆزگەرتتى. كىشىلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىدىن بەھرىمەن بولۇشى بىلەن بىللە، يىراق مەدەنىيەت ئۇستىدە ئۇزلۇكسىز ئىزدەندى ھەم ئالەم بوشلۇقىغا كىرىش ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

## زامانىۋىلاشقان مەركىزىي شەھەرلەر

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىن كېيىن تەرەققىي قىلغان چوڭ مەركىزىي شەھەرلەر ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ ۋەكىلى، چوڭ مەركىزىي شەھەرلەر ئىچىدە، پولات چىۋىق، سېمونت بىلەن قۇرۇلغان ئاسمان پەلەك بىنالار ئورماندەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ، قاتناش ـ ترانسپورت، پۇل مۇئامىلە ـ سۇغۇرتا، ئۇچۇر مۇلازىمىتى، سانائەت ۋە سودىلار يۈكسەك تەرەققىي قىلغان. كىشىلەر چوڭ مەركىزىي شەھەرلەردە ياشاپ، زامانىۋى مەدەنىيەتتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىسمۇ، لېكىن تۇرمۇشنىڭ بېسىمى ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشى كەلتۈرگەن زىيانلارنىمۇ تارتىۋاتىدۇ.

زامانىۋى مەركىزىي شەھەرلەردە ئېگىز بىنالار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كىشىلەر خۇددى سېمونت تاملارنىڭ قىسىلچاقلىرىدا ياشاۋاتقانغا ئوخشىشىدۇ.



تېلېفون ئالغاچ پىيسا قاتلىمىسى يېيىش.



## ئالدىراش خىزمەت

ئالدىراش شىركەت خىزمەتچىلىرى چۈشلۈك تاماقنى دائىم خىزمەت ۋاقتىدا يەيدۇ. نۇرغۇن كىشى تۇرمۇش بېسىمى ئېغىر، خىزمەت جىددىي بولغانلىقتىن، يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكى، ئاشقازان كېسىلى ياكى باشقا كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. شۇڭا، كەسپىي خىزمەتنى قانداق قىلىپ ئىنسان تەبىئىتىگە ماسلاشتۇرۇش بۇ دەۋردىكى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىجتىمائىي مەسىلە بولۇپ قالدى.

كومپيۇتېردا ئىنتېرنېت تورىغا چىقىش باللارنىڭ بىلىم ۋە ئۇچۇرغا ئېرىشىش، ساۋاقداشلىرى، ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن ئالاقە قىلىشىدىكى مۇھىم ۋاستە.



## تور دەۋرىگە قەدەم قويۇش

كومپيۇتېرنى ئاساس قىلغان يۇقىرى پەن ـ تېخنىكا سانائىتى پۈتكۈل دۇنيانى تورلاشتۇرۇش تەسەۋۋۇرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇردى. ئەمەلىيەتتە، ھازىرقى زامان جەمئىيىتىدە، مەيلى ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەردە بولسۇن ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش، جۈملىدىن يېمەك، تۇرالغۇ، نەرسە ـ كېرەك سېتىۋېلىش، تېببىي داۋالىنىش، كۆڭۈل ئېچىش ۋە شەخسىي ئالاقىلەرنىڭ ھەممىسىدە كومپيۇتېرغا ۋە تورغا تايىنىلىدىغان بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





## بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى

ب د ت 1945 ـ يىلى قۇرۇلغان، ئۇ يەر شارى خاراكتېرلىك خەلقئارا سىياسىي تەشكىلات، باش شتابى ئامېرىكىنىڭ نيۇيورك شەھىرىدە. «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى خارتىيىسى»دە، ئۇنىڭ مەقسىتى خەلقئارا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى قوغداپ، خەلقئارا باراۋەرلىكنى، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش پرىنسىپىنى ئاساس قىلغان دوستانە مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارادىكى تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى ھەل قىلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، دەپ بەلگىلەنگەن. 50 نەچچە يىلدىن بۇيان، ب د ت نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. ھازىر دۇنيادىكى ھەممە دۆلەت دېگۈدەك ب د ت نىڭ ئەزاسى بولۇپ قالدى، بۇ ئەھۋال ئۇنى ئەڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك، ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە خەلقئارالىق تەشكىلاتقا ئايلاندۇردى، خەلقئارالىق ئىشلاردا ئۇ بارغانسېرى زور رول ئوينايدىغان بولدى.



خەۋپسىزلىك كېڭىشىدىكى جۇڭگو ۋەكىللىرىنىڭ ئورنى



ب د ت نىڭ بايرىقى



نيۇيورك شەھىرىدىكى ب د ت باش شتابىنىڭ بىناسى



ب د ت خەۋپسىزلىك كېڭىشىنىڭ يىغىن مەيدانى

خەۋپسىزلىك كېڭىشى ب د ت نىڭ دۇنيا تىنچلىقى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدىغان مۇھىم ئاپپاراتى. ئۇ جۇڭگو، فرانسىيە، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ئامېرىكىدىن ئىبارەت بەش دائىمىي كېڭەش ئەزاسى دۆلەت ۋە ئون غەيرىي دائىمىي كېڭەش ئەزاسى دۆلەتتىن تەركىب تاپقان.

ب د ت دا چوڭ يىغىن، خەۋپسىزلىك كېڭىشى، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي كېڭەش، خەلقئارا سوت قاتارلىق ئاپپاراتلار تەسىس قىلىنغان. يەنە مائارىپ، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى قاتارلىق كەسپىي فۇنكسىيىلىك ئاپپاراتلارمۇ تەسىس قىلىنغان.

## ئالەم بوشلۇقى شېرىن خىيالى

20 ـ ئەسىرگە كىرگەندىن كېيىن، ئىنسانلار ئىزدىنىش نەزىرىنى يىراقتىكى تاشقى قاتلام بوشلۇقىغا قاراتتى. 1957 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يەر شارىنىڭ تۇنجى سۈنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى. 1969 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىسى ئامېستىران ئايغا قونغان بۆلۈمچىسىدىن چىقىپ ئاي يۈزىدە ماڭغان تۇنجى ئادەم بولۇپ قالدى. 1975 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن ئامېرىكا قويۇپ بەرگەن «ئىتتىپاقداش» ۋە «ئاپوللو» ناملىق ئالەم كېمىلىرى ئالەم بوشلۇقىنىڭ ئوربىتىسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك چېتىلىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ئالەم ئۇچقۇچىلىرى بىرلىشىپ تەجرىبە ئىشلىدى. 1981 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ «كولومبىيە» ناملىق ئالەم ئايروپىلانىنى ئۇچۇرۇش سىنىقى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى. 1986 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى «تىنچلىق» ناملىق ئالەم بوشلۇقى پونكىتىنى قويۇپ بەردى. ئۇ ئالەم بوشلۇقىدا ئون نەچچە يىل خىزمەت قىلىپ، 3000 نەچچە تۈرلۈك ئالەم بوشلۇقى تەجرىبىسىنى ئىشلىدى، ئىنسانلارنىڭ ئالەم بوشلۇقىنى چۈشىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.



تەرەققىي قىلغان تاشيول تورى ئېنزلار بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن.



ياپونىيىنىڭ قەدىمىي شەھىرى جىڭدۇدىكى مۇكەممەل قوغدالغان ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى

## مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش

زامانىۋىلاشقان سانائەت مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلغانسېرى، كىشىلەر مەدەنىيەت ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇھىملىقىنى شۇنچە ھېس قىلماقتا. شۇڭا، ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشنى تېزلىتىش بىلەن بىللە، مەدەنىيەت خارابىلىرى ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداپ، ئېسىل مەدەنىيەت ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇش ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ئارزۇسىغا ئايلاندى.

كانادانىڭ جاسپېر دۆلەت باغچىسى.



## دۆلەت باغچىسى

كىشىلەر مۇھىتنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇشقا باشلاپ، تەبىئىي بايلىقنى قوغداش رايونى ۋە دۆلەت باغچىسى بەرپا قىلىش قاتارلىق شەكىللەردىن پايدىلىنىپ، ھايۋانلارنىڭ تۈرى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرىنىڭ مۇكەممەللىكىنى ساقلاش ئارقىلىق، ئىنسانلار بىلەن تەبىئەتنىڭ ماسلىقى ۋە ئورتاقلىقىغا يېتىشكە تىرىشماقتا.

# 《中国儿童百科全书》

## 编辑委员会


名誉主任　徐惟诚
主　　任　吴希曾
副 主 任　贺晓兴
执行主编　程力华

**编　委**
（以姓氏笔画为序）

马博华　马光复　王祖望　卞德培　印伯伦　刘道远　许延风
孙世洲　杨永源　李　元　李龙臣　吴希曾　张小影　林之光
周明鉴　郑　平　郑延慧　贺晓兴　贾兰坡　黄安年　寇晓伟
程力华　谭　征　潘国彦

**文字撰稿**
（以姓氏笔画为序）

于京洪　马博华　马光复　王宇洁　卞德培　印伯伦　兰保玲
吕秀齐　刘大澄　刘国琴　刘兴良　刘志雄　刘子午　孙世洲
李龙臣　李其震　严珊琴　邱剑荣　应礼文　辛晓征　张辉华
林之光　欧建平　金美香　郑　平　赵喜进　贾彧章　顾　勤
崔金泰　崔乐泉　谭　征　熊若愚

**图片提供**
（以姓氏笔画为序）

卫　涛　马汝军　卞德培　石　威　东　风　田如森　曲毓琦
朱菱艳　刘大澄　刘海英　刘志雄　许丽君　孙世洲　杨长福
杨大昕　李龙臣　李光夏　李其震　李树忠　李　元　来启斌
张关正　张建军　阿去克　陈东明　林之光　苑　立　欧建平
周瑞祥　周秀清　郑　平　赵九伶　贺晓兴　贾彧章　顾　勤
徐祥临　郭素芬　郭银星　高建平　龚和德　崔金泰　崔乐泉
蒋和平　韩知更　蒙　紫　谭　征

**制作绘图**

蒋和平

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 民族文版《中国儿童百科全书》

## 编 辑 委 员 会


| | |
|---|---|
| 总　顾　问 | 徐惟诚(汉族) |
| 编委会主任 | 禹宾熙(朝鲜族)　龚　莉(汉族) |
| 编委会副主任 | 甘玉贵(蒙古族)　刘晓东(汉族)　阿去克(维吾尔族)<br>艾尔肯(维吾尔族)　程力华(汉族) |

编　委
（以姓氏笔画为序）

| | | |
|---|---|---|
| 万　喜(蒙古族) | 才让加(藏族) | 牙库甫(维吾尔族) |
| 甘玉贵(蒙古族) | 艾尔肯(维吾尔族) | 刘晓东(汉族) |
| 刘金双(汉族) | 朴文峰(朝鲜族) | 阿去克(维吾尔族) |
| 李有明(回族) | 张运珍(藏族) | 阿里木江(哈萨克族) |
| 禹宾熙(朝鲜族) | 龚　莉(汉族) | 程力华(汉族) |
| 曾小吾(满族) | | |


## «جۇڭگو بالىلار قامۇسى» ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىشكە قاتناشقان مۇتەخەسسىسلەر


(ئۇيغۇرچە ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

ئابدۇراخمان ۋەكىلى (阿布都热合曼・外克力)　ئابدۇكېرىم رەھمان (阿布都克力木・热合曼)　ئامىنە ئىمىن (阿米娜・伊明)
خەمىت خەكىموۋ (哈米提・哈克木夫)　دانىيار سايىتوۋ (达尼亚・沙伊托夫)　قادىر ئارسلان (卡德尔・阿尔斯朗)
مۇھەممەت ئوسمان (买买提・吾斯满)　مىجىت خۇداۋەردى (米吉提・胡达拜尔地)　ئۆمەر موللا (吾买尔・毛拉)
ئىسراپىل يۈسۈپ (伊斯拉菲尔・玉苏甫)　ئىمىن ئەخمىدى (伊明・艾合买提)












## «تارىختىن سۆز»

21 ـ ئەسىر جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئۇلۇغ گۈللىنىش دەۋرىنى كۈتىۋالىدىغان ئەسىر. بۇ ھەقتە بالىلار، نېمە ئۈچۈن گۈللىنىمىز؟ بىز ئىلگىرى قانداق ئىدۇق؟ باشقىلار قانداق ئىدى؟ دېگەندەك سوئاللارنى سورىشى مۇمكىن. مەزكۇر كىتاب نەپىس رەسىملەر ۋە ئاممىباب تىل بىلەن يۇقىرىقىدەك سوئاللارغا ئەتراپلىق جاۋاب بېرىدۇ. يىراق ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن ھازىرقى زامانىۋى مەدەنىيەتنى بەرپا قىلغانغا قەدەر، تاڭ سۇلالىسىنىڭ سەلتەنىتىدىن چىڭ سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە قەدەر، قەدىمكى مەدەنىيىتى گۈللەنگەن دۆلەتلەردىن فرانسىيە زور ئىنقىلابىغا قەدەر بولغان جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردە يۈز بەرگەن زور كۆلەملىك تارىخىي ۋەقەلەرنى بىرمۇ بىر بايان قىلىپ، بالىلارنىڭ قىزىقىشى ۋە تارىخ بىلىملىرىگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرىدۇ. مەزكۇر كىتاب قىزىقارلىق، يۇقىرى پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، بالىلارنىڭ ياخشى ھەمراھىغا ئايلانغۇسى.

## مۇتەخەسسىسلەرنىڭ باھاسى

تارىخ ـــ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى كۆرسىتىدۇ. تارىختىن خەۋەردار بولۇش زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك كىشىلىرى، جۈملىدىن بالىلارمۇ ھازىرلاشقا تېگىشلىك شەرتلەردىن بىرىدۇر.

«قامۇس»نىڭ «تارىختىن سۆز» قىسمى ئاممىباب تىل بىلەن رەسىم ـ فوتو سۈرەتلەرنى ناھايىتى ياخشى بىرلەشتۈرۈپ، ئىنسانلارنىڭ پەيدا بولۇشى، جۇڭگونىڭ يىراق قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ تاكى ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشكىچە بولغان تەرەققىيات مۇساپىسىدىكى زور ۋەقەلەر قاتارلىقلارنى شۇنداقلا دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك ئەللەر، دۇنيا تارىخىدا زور تەسىرگە ئىگە مەشھۇر زاتلار، زور تارىخىي ۋەقەلەر، مەدەنىيەت ـ سەنئەت پېشۋالىرى ۋە زامانىۋى جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدىلىكى قاتارلىقلارنى مېغىزلىق، قىزىقارلىق، جانلىق ۋە سىستېمىلىق بايان قىلغان بولۇپ، بالىلارنى ئىلىم دۇنياسىغا يېتەكلەيدىغان ياخشى دوست ھېسابلىنىدۇ.

ـــ تەتقىقاتچى ئىسرائىل يۈسۈپ












ISBN 978-7-105-08101-1

定价：15.00元